# قىزىلگۈلنى ئۆستۈرۈش ۋە پىششىقلاپ
# ئىشلەش تېخنىكىسى



شىنجاڭ پەن- تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (K)

# قىزىلگۈلنى ئۆستۈرۈش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسى


تۈزگۈچى: مۇھەممەتئىمىن توختى

تەھرىرلىرى: خۇشتۆمۈر يۇسۇپ
مۇھەممەت تۇردى





شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (K)

图书在版编目(C I P)数据

玫瑰栽培与加工技术：维吾尔文/买买提依明·托合提编. —乌鲁木齐：新疆科技卫生出版社(K)，2000. 11

ISBN 7—5372—2533—8

Ⅰ. 玫… Ⅱ. 买… Ⅲ. 玫瑰花—观赏园艺—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. S685. 12

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2000)第 74588 号

پىلانلىغۇچىلار: سادىق مۇسا
مەتروزى مەتسىيىت
مەسئۇل تەھرىرى: مەلىكەم مۇھەممەد
مەسئۇل كوررېكتورى: ئايىمنىسا يۇسۇپ
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىپ شاھ

# قىزىلگۈلنى ئۆستۈرۈش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسى

* * *

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (K) نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى №21 پوچتا نومۇرى: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
ئۈرۈمچى شىنشى باسما ئىشلىرى شىركىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 787×1092 مىللىمېتىر 1/32 باسما تاۋىقى: 2.5
2000 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى
2000 - يىل 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1—5000
ISBN 7 — 5372 — 2533 — 8/S · 365
باھاسى: 4.60 يۈەن

# تۇزگۇچىدىن

قىزىلگۇل — ئىقتىسادىي قىممىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان دورا ئۆسۈملۈك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شەھەر، باغچا، ئىدارە ـ ئورگان ۋەھويلا ـ ئاراملارنى كۆكەرتىشكە ئىشلىتىلىدىغان بىرخىل مەنزىرە ئۆسۈملۈكىدۇر. ئۇنىڭ ئۆستۈرۈلۈش تارىخى ئىنتايىن ئۇزاق، تارقىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقى قىزىلگۇل ئۆستۈرۈشتە ناھايىتى مول تەجرىبىلەرگە ئىگە.

قىزىلگۇلنى كۆپەيتىش ئۇسۇلى ئاددىي، پەرۋىش قىلىش ۋە باشقۇرۇش ئاسان، گۇل ئېچىلىش مەزگىلى بالدۇر بولۇپ، تۇپراق ۋە ھاۋا شارائىتىغا ئاسان ماسلىشالايدۇ. ئۇنىڭ گۇلىدىن گۇلقەنت، قىزىلگۇل شەربىتى پىششىقلاپ ئىشلىگەندىن باشقا، سانائەتتە پېچىنە ـ پىرەنىك، قەنت ـ كېزەك، ھاراق، قىزىلگۇل چېيى، مۇئەتتەر، ئەتىر، ئەتىر سوپۇن، قىزىلگۇل يېغى ۋە گىرىم بۇيۇملىرى قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ چىقارغىلى بولىدۇ. قىزىلگۇلنىڭ خەلق تۇرمۇشى ۋە سانائەتتە ئىشلىتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولغاچقا، ئۇ ناھايىتى يۇقىرى ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىسلاھاتنىڭ تۇرتكىسى ئاستىدا، يېزىلارنىڭ ئىگىلىك قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ، دېھقانلار كۆپ خىل ئىگىلىك ۋەھويلا ـ ئارام ئىگىلىكى بىلەن

شۇغۇللىنىشقا رىغبەتلەندۇرۇلمەكتە. نۇرغۇنلىغان دېھقانلار تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا، ئۆزلىرىنىڭ ئائىلە ئىگىلىكىنى گۈللەندۇرۇپ بېيىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ هويلا — ئاراملىرىدا مېۋىلىك دەرەخ، دورا ئۆسۈملۈكلەر ۋەگۈل - گىياھ ئۆستۈرۈپ بېيىشنى ئارزۇ قىلماقتا. يېزىلاردىكى دېھقانلارنىڭ پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىشىغا ياردەم بېرىش ۋە يېزىلاردىكى كۆپ خىل ئىگىلىك تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن، ئۆزۈمنىڭ ئەمەلىي تەجرىبەم ۋە بىر قىسىم ماتېرىياللارغا ئاساسەن، بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم. بۇنىڭدىكى مەقسەت، دېھقانلارنىڭ قىزىلگۈلنى ئۆستۈرۈشتە پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا پەرۋىش قىلىپ، گۈلنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىش، مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق ئىقتىسادىي قىممىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئائىلە كىرىمىنى كۆپەيتىشكە ئىلهاملاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

بۇ كىتاب دېھقانلارنىڭ قىزىلگۈلنى ئۆستۈرۈشتە ئەمەلىي پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئاممىباب، ئاددىي، چۈشىنىشلىك سۆزلەر بىلەن يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن كىتابتا قىسمەن يېتەرسىزلىك ۋە كەمچىلىكلەردىن خالىي بولالمىغان بولۇشۇم مۇمكىن. كەڭ دېھقانلار شۇنداقلا ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەمەلىيەت جەريانىدا تۈزىتىپ كېتىشىنى ۋە تەنقىد بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## مۇندەرىجە

بىرىنجى باب قىزىلگۈل ھەققىدە چۈشەنچە


1. قىزىلگۈل ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ............ 1
2. قىزىلگۈلنىڭ تارقىلىشى .................. 2
3. قىزىلگۈلنىڭ تەبىئىي شارائىتقا بولغان ماسلىشىشچانلىقى ........................... 4
4. قىزىلگۈلنىڭ مۇھىتنى كۆكەرتىشتىكى رولى 5
5. قىزىلگۈلنىڭ خىمىيلىك تەركىبى ......... 11
6. قىزىلگۈلنىڭ دورىلىق خۇسۇسىيتى ...... 11
7. قىزىلگۈلنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى ......... 17


ئىككىنجى باب قىزىلگۈل كۆچىتىنى يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى


1. يەر تاللاش ۋە يەر رەتلەش ................. 22
2. شاخ يىغىپ قەلەمچە تەييارلاش ............. 23
3. قىزىلگۈل كۆچىتىنى يېتىشتۈرۈش ۋە كۆپەيتىش .......................... 24
4. قىزىلگۈل كۆچىتىنى يۆتكەپ تىكىش ...... 31
5. قىزىلگۈل كۆچىتىنى پەرۋىش قىلىش ... 33


ئۈچۈنجى باب قىزىلگۈل كۆچىتىنى تىكىپ باغ بىنا قىلىش تېخنىكىسى


1. يەر تاللاش ۋە يەر تۈزلەش .............. 39
2. قىزىلگۈل كۆچىتىنى تىكىپ باغ بىنا

قىلىش ........................................ 42
3. قىزىلگۈللۈك باغلارنى پەرۋىش قىلىش ۋە باشقۇرۇش ........................................ 45
4. قىزىلگۈللەردىكى كېسەللىك، زىيانداش هاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش ... 47
5. قىزىلگۈل كۆچەتلىرىنى قىشتىن ئۆتكۈزۈش ........................................ 56
6. قىزىلگۈل كۆچەتلىرىنى كۆموكتىن ئېچىش ........................................ 58

## تۆتىنچى باب قىزىلگۈلنى پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسى

1. قىزىلگۈلنى ئۈزۈش ۋە خىللاش ............ 61
2. قىزىلگۈلنى قۇرتۇش ۋە ساقلاش ......... 64
3. قىزىلگۈل گۈلقەنتى تەييارلاش ............ 65
4. قىزىلگۈل مېيى تەييارلاش .................. 68
5. قىزىلگۈل ئەرقى تەييارلاش.................. 69
6. قىزىلگۈل مەلھىمى تەييارلاش................ 69
7. قىزىلگۈل تالقىنى تەييارلاش ............... 70
8. قىزىلگۈل مۇراباسى تەييارلاش ............ 70
9. قىزىلگۈل شەربىتى تەييارلاش ............ 70
10. قىزىلگۈل مۇراباسى ۋە شەربەتلەرنى ساقلاش ........................................ 71
11. دېھقەت قىلىدىغان ئىشلار ................... 73

# بىرىنچى باب
# قىزىلگۈل ھەققىدە چۈشەنچە

## 1. قىزىلگۈل ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

قىزىلگۈل — ئەترگۈل ئائىلىسى، ئازغان ئۇرۇقدىشىغا كىرىدىغان كۆپ يىللىق، ياغاچ غوللۇق چاتقال ئۆسۈملۈك بولۇپ، 1.5 مېتىردىن ئىككى مېتىرغىچە ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. غولى تىك، شاخلىرى ئىنچىكە ۋە قويۇق بولۇپ، غول شاخلىرىدا ئۇچ قىرلىق ياپىلاق تىكەنلىرى بولىدۇ. يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسكەن تاق سانلىق، سوقىچاق، مۇرەككەپ يوپۇرماق بولۇپ، يوپۇرماق رەڭگى توق يېشىل، يوپۇرماق گىرۋەكلىرى ئۇششاق ھەرە چىشسىمان بولىدۇ. گۈلى گۈل شېخىدا يەككە ياكى 4 — 5 تالغىچە توپلىشىپ ئۆسىدۇ، قىزىل ياكى سۈس قىزىل رەڭلىك ئېچىلىپ، ئەتراپقا خۇشبۇي پۇراق چاچىدۇ. گۈلى ئېچىلىپ گۈل بەرگىلىرى يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن، شېخىدا گۈل خەمىكى قالىدۇ. خەمەك ئىچىدە ئۇششاق ئۇرۇقلىرى بولىدۇ.

قىزىلگۈل 4-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 5-ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە ئارقا-ئارقىدىن غۇنچىلاپ، بىر قېتىمدىلا ئېچىلىپ ئاخىرلىشىدۇ.

قىزىلگۈل ياۋا قىزىلگۈل ۋە مەدەنىي قىزىلگۈل دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. ياۋا قىزىلگۈل توق قىزىل ئېچىلىدۇ، گۈل بەرگىلىرى قېلىن، پۈرىقى ئاجىز، تەمى ئاچچىق، يوپۇرماقلىرى ئۇششاق، تىكەنلىرى كۆپ بولۇپ، كۆرۈنۈشتە قىزىل ئەتىرگۈلگە ئوخشاپ قالىدۇ. ئۇ، تاغ، جاڭگال ۋە ئورمانلىقلار ئارىسىدا تەبىئىي ھالدا ئۆسىدۇ، دورىغا ئىشلىتىلمەيدۇ.

مەدەنىي قىزىلگۈل قىزىل ياكى سۆس قىزىل رەڭدە ئېچىلىدۇ. ئۇنىڭ گۈل بەرگىلىرى نېپىز، پۈرىقى ئۆتكۈر، تەمى سەل قىرتاق، يوپۇرماقلىرى چوڭ، تىكىنى ئاز بولۇپ، ئۇنىڭ گۈل بەرگىلىرىنى دورا قىلغاندىن باشقا، چاي ئورنىدا دەملەپ ئىچىشمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە گۈلقەنت، شەربەت ۋە ھەرخىل مۇرەككەپ دورىلارنى تەييارلىغىلى، يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىدە كونسېرۋا، قىزىلگۈل مىيى، قىزىلگۈل ھارىقى قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ. ئېتىز — ئېرىق، ھويلا — ئاراملارغا تىكىپ ئۆستۈرۈلگەن قىزىلگۈل — مەدەنىي قىزىلگۈل دەپ ئاتىلىدۇ.

## 2. قىزىلگۈلنىڭ تارقىلىشى

قىزىلگۈلنىڭ ئەسلى ماكانى ئاسىيا ۋە ياۋروپا قىتئەسى بولۇپ، مەملىكىتىمىزدە ئۆستۈرۈلۈش تارىخى ئۇزاق، تارقىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال، غەربىي جەنۇب ۋە

ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك رايونلىرىدا كۆپ ئۆستۈرۈلىدۇ. خېبى ئۆلكىسىنىڭ چىڭدى شەھىرى، لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ شېنياڭ شەھىرى، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ فوشەن شەھىرى، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ لەنجۇ شەھىرى، نىڭشا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ يىنچۈەن شەھىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرى قاتارلىق جايلار قىزىلگۈلنى ئۆزلىرىنىڭ شەھەر گۈلى قىلىپ بېكىتكەن. بۇ، قىزىلگۈلنىڭ بارچە گۈللەر ئىچىدە ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى، مەنزىرە خوسۇسىيىتى ياخشى بولغان بىرخىل ئەلا سورتلۇق گۈل ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا قىزىلگۈل ئۆستۈرۈش 2 مىڭ 500 يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇ، جەنۇبىي شىنجاڭدا كۆپرەك ئۆستۈرۈلىدۇ، بولۇپمۇ خوتەن رايونىنىڭ تەبىئىي شارائىتى قىزىلگۈل ئۆستۈرۈشكە تازا باب بولۇپ، بۇ رايوندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن باشلاپلا قىزىلگۈل ئۆستۈرۈشكە ئادەتلەنگەن.

قىزىلگۈل خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى بازار، يېزا — قىشلاق، شەھەر باغچىلىرى ۋە دېھقانلارنىڭ مېۋىلىك باغ، ھويلا — ئاراملىرىدا بىرقەدەر كۆپ ئۆستۈرۈلمەكتە، كوللېكتىپ ۋە شەخسىيلەرنىڭ ئىگىلىكىدە ئۆستۈرۈلگەن قىزىلگۈلنىڭ كۆلىمى بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، ئۇ، كەنت كوللېكتىپى ۋە دېھقانلارنىڭ كۆپ خىل ئىگىلىك كەسىپىدە مۇھىم رول ئويناۋاتىدۇ. ئەمما، ئىلمىي ئۇسۇلدا پەرۋىش قىلىپ باشقۇرۇش يېتەرسىز

بولغانلىقتىن، مەھسۇلات مىقدارى تۆۋەن بولماقتا. شۇڭا، ئەمەلىي تېخنىكا تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، گۈللەرنى ئىلمىي ئۇسۇلدا پەرۋىش قىلىپ باشقۇرغاندا، مەھسۇلاتنى ئاشۇرغىلى، ئىقتىسادىي قىممىتىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

## 3. قىزىلگۈلنىڭ تەبىئىي شارائىتقا بولغان ماسلىشىشچانلىقى

قىزىلگۈلنىڭ ھاۋا، يورۇقلۇق ۋە تۇپراق شارائىتىغا ماسلىشىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولۇپ، شېخىنى قەلەمچە قىلىش، يىلتىزىنى توغراپ كۆچۈرۈش ياكى كۆچىتىنى يۆتكەپ تىكىش ئۇسۇلى ئارقىلىق كۆپەيتىلگەن تۈپلەر ئاسان كۆكلەيدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 8 — 14 سېلسىيە گرادۇس، ھۆل - يېغىن مىقدارى 50 — 1000 مىللىمېتىرغىچە بولغان رايونلاردا نورمال ئۆسۈۋېرىدۇ. ئۇ، يورۇقلۇقنى خالايدىغان ئۆسۈملۈك بولۇپ، قۇرغاقچىلىققا، ئىسسىققا، ھۆلچىلىككە چىداملىق، سوغۇققا چىدامسىز بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا كۈمۈش ئارقىلىق قىشتىن چىقىرىلىدۇ. شىمالىي شىنجاڭدا قار كۆپ ياغقاچقا كۈمۈلمەيدۇ. ئىشقارلىق دەرىجىسى ئوتتۇراھال ياكى ئاجىز يەرلەردە، مۇنبەت، نەمخۇش، قۇمساڭ ۋە يېنىك سېغىز تۇپراقلاردا ئۆستۈرۈلسە، ئاسان ئەھياغا كېلىپ، گۈلى چوڭ ۋە توق قىزىل رەڭلىك ئېچىلىدۇ. تۇپراق شارائىتى ماس كەلمىسە ياكى قۇۋۋەتسىز تۇپراقلاردا، كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان سايە يەرلەردە ئۆستۈرۈلسە گۈلى كىچىك، گۈل رەڭگى سۇس،

پۇراقسىز ئېچىلىدۇ.

تۇزلەڭ رايونلىرىدىكى ھەرقايسى يېزا-بازار، كەنت، مەھەللىلەرنىڭ تەبىئىي شارائىتى قىزىلگۈل ئۆستۈرۈشكە باب كېلىدۇ. قىزىلگۈل ئادەتتە 20 يىلدىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرىدۇ. كۆچەتتى بۇ يىل تىكىلسە ئىككىنچى يىلى غۇنچىلاپ گۈل ئېچىلىدۇ. پەرۋىش قىلىش ئىشلىرى ياخشى ئىشلەنسە گۈلى يىلدىن - يىلغا كۆپ ئېچىلىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە مول ھوسۇل بېرىدۇ.

## 4. قىزىلگۈلنىڭ مۇھىتنى كۆكەرتىشتىكى رولى

قىزىلگۈل — ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۆستۈرۈلۈۋاتقان يەرلىك گۈللەرنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇ مۇھىتنى كۆكەرتىشتە ئالاھىدە رول ئوينايدۇ. شۇڭا، ئۇ ئۇرۇمچى شەھىرىنىڭ شەھەر گۈلى قىلىپ بېكىتىلگەن.

ھەر خىل گۈللەرنىڭ شەكلى، ئېچىلىش ۋاقتى، گۈل رەڭگى، پۇرىقى ئوخشاش بولمايدۇ. ئەمما، قىزىلگۈل باھاردا ئەڭ بالدۇر ئېچىلىپ ئۆزىنىڭ كۆركەم گۈللىرى، خۇشبۇي پۇرىقى ئارقىلىق مۇھىتقا گۈزەللىك بېغىشلايدۇ.

شەھەر، بازار، باغچا ۋە ھويلا — ئارامالارنىڭ ئالدى — كەينىدە قىزىلگۈل ئۆستۈرۈلسە، بۇنداق چىرايلىق مەنزىرە كىشىنى ھۇزۇرلاندۇرىدۇ. باھار، ياز پەسىللىرىدە قىزىلگۈل، ئەتىرگۈل قاتارلىق خىلمۇ خىل گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلغاندا، ئۇنىڭ خۇشبۇي پۇرىقى ئەتراپقا تارقىلىپ ئادەمنى مەستخۇش قىلىدۇ. بولۇپمۇ

قىزىلگۈلنىڭ شەكلى گۈزەل، رەڭگى چىرايلىق، پۇرىقى ئۆتكۈر بولغاچقا، باغ - ۋاران، هويلا - ئاراملاردا قىزىلگۈل ئۆستۈرۈلسە ئەتراپ يېشىللىققا، باغ — ۋارانلار قىپقىزىل گۈلچېچەككە پۈركىنىپ مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرىدۇ. بارچە گۈللەرنىڭ ئىچىدە، قىزىلگۈلنىڭ رەڭگى چىرايلىق ئېچىلىدۇ، پۇرىقىمۇ ئۆزگىچە خۇشبۇي پۇرايدۇ. كىشىگە مەنىۋى روھ بېغىشلايدۇ.

قىزىلگۈلنىڭ بويى پاكار، چاتقاللىق خوسۇسىيىتى ياخشى، شاخلىرى قويۇق، تىكىنى كۆپ، گۈللىرى چىرايلىق، پورىقى خۇشبۇي بولۇپ، مۇهىتنى كۆكەرتىشتە مەنزىرە خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئەلا ئۆسۈملۈك تۈرى بولۇپ هېسابلىنىدۇ. ئۇ شەهەر، ناهىيە بازارلىرى، باغچا، ئىدارە — ئورگان، زاۋۇت، كان، كارخانا، هەربىي قىسىم، مەكتەپلەرنىڭ ئىچى ۋە ئالدى — كەينىدىكى بوش، بىكار يەرلەرگە تىكىپ ئۆستۈرۈلسە، شۇ ئورۇننىڭ كىچىك مۇهىتىنى گۈزەللەشتۈرۈش، كۆكەرتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا پۇختا ئاساس يارىتالايدۇ. شۇنداقلا باغ سەيلىسى قىلىش، دەم ئېلىش، كۆڭۈل ئېچىش ئىشلىرىغا شارائىت هازىرلىنىدۇ.

قىزىلگۈل — يېزا كەنتلەردىكى بوش، بىكار يەرلەرگە، مېۋىلىك باغلارنىڭ ئارىسىغا ۋە دېهقانلارنىڭ هويلا — ئاراملىرىغا تىكىپ ئۆستۈرۈلسە، مۇهىتنى گۈزەللەشتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىن مەلۇم ئىقتىسادىي قىممەت يارىتالايدۇ. ئۇنىڭ گۈل بەرگىلىرى، ياغىچى، خەمىكى، ئىچىدىكى ئۇششاق

ئۇرۇقلىرىدىن تۇرلۇك يېمەك ـ ئىچمەك بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ.

**1) قىزىلگۇل نېمە ئۇچۇن چىرايلىق ئېچىلىدۇ؟**

گۇللۇك ئۆسۇملۇكلەرنىڭ گۇل بەرگىسى ھۇجەيرىلىرىدە گۇل ھۆسنى ماددىسى (ئانتى سىئانىدىن) دەپ ئاتىلىدىغان بىرخىل رەڭلىك ماددا (پىگمېنت) بولىدۇ. سىئانىدىن بىر خىل ئورگانىك رەڭ بولۇپ، ئىچكى سەۋەب ۋە تاشقى شارائىت تۇپەيلىدىن رەڭگى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. گۇل ھۆسنى ماددىسى (ئانتى سىئانىدىن) كىسلاتالىق شارائىتتا قىزىرىدۇ، ئىشقارلىق شارائىتتا كۆك رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. بەزى گۇللەرنىڭ رەڭگى سېرىق، سارغۇچ ياكى يېشىل رەڭلىك بولىدۇ. چۇنكى بۇ گۇللەرنىڭ گۇل بەرگىلىرىدە «كاروتىن» دەپ ئاتىلىدىغان بىرخىل رەڭلىك ماددا بولىدۇ، بۇ گۇللەرنىڭ رەڭگى ئەنە شۇنداق رەڭلىك ماددىلارنىڭ تەسىرى بىلەن كىسلاتالىق — ئىشقارلىق شارائىتقا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. تەبىئەتتە رەڭگىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان گۇللەر ناھايىتى كۆپ، ئەمما قىزىلگۇل رەڭگىنى ئۆزگەرتمەستىن پەقەت بىرخىل رەڭدە (قىزىل) ئېچىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى — ئۇنىڭ گۇل بەرگىلىرىدىكى گۇل ھۆسنى ماددىسى (ئانتى سىئانىدىن) كىسلاتالىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغانلىقتىن شۇنداق بولىدۇ.

قىزىلگۇل — ئادەتتە تاڭ سەھەردىلا ئېچىلىشقا باشلاپ شۇكۇنى كۇن چىققۇچە ئېچىلىپ بولىدۇ. قالغانلىرى يەنە ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئېچىلىشقا باشلايدۇ. تۇرلۇك ئۆسۇملۇك گۇللىرىنىڭ بەلگىلىك ۋاقىتتا ئېچىلىشى،

ئۇلارنىڭ سىرتقى شارائىتقا ماسلىشىش يولىدا شەكىللەندۇرگەن بىرخىل ياشاش خۇسۇسىيىتىدۇر. قىزىلگۈلنىڭ بىرتال گۈلى تاڭ سەھەردە ئېچىلىپ سىرتقى ئامىلنىڭ تەسىرى بولمىغان شارائىتتا 2 — 3 سوتكىدا توزۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە بىر تال گۈل ئېچىلىدۇ. بىرتال گۈلنىڭ توزۇپ كەتمەي شېخىدا ئېچىلىپ تۇرۇش مەزگىلى ئۈچ كۈندىن تۆت كۈنگىچە، بىر تۈپ گۈلدىكى غۇنچىلارنىڭ ئارقا — ئارقىدىن ئېچىلىش مەزگىلى 10 ـ 15 كۈنگىچە بولىدۇ. قىزىلگۈلنىڭ گۈل شېخىغا جايلىشىش ۋە گۈل شېخىدىكى غۇنچىلارنىڭ ئېچىلىش ئەھۋالى ئوخشاش بولمايدۇ. ئالدى بىلەن گۈل شېخىنىڭ ئۇچىغا جايلاشقان غۇنچىلار ئېچىلىپ، تۆۋەنگە جايلاشقان غۇنچىلار كېيىن ئېچىلىپ ئاخىرلىشىدۇ.

قىزىلگۈل تاڭ سەھەردە ئېچىلغاندا، ئۇنىڭ گۈل بەرگىلىرى توق قىزىل، پۇرىقى ئۆتكۈر بولىدۇ. گۈلى ئېچىلىپ 6 — 8 سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ گۈل بەرگىلىرى پەيدىنپەي سۇس قىزىل رەڭگە ئۆزگىرىپ قالىدۇ. بۇ ئۇنىڭ گۈل بەرگىسى ھۈجەيرىلىرىدىن ئانتى سىئانىدىننىڭ كۈن نۇرى، تېمپېراتۇرا ۋە ھاۋانىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ سۇس قىزىل رەڭگە ئۆزگەرگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

**2) قىزىلگۈل نېمە ئۈچۈن خۇش پۇراق تارقىتىدۇ؟**

قىزىلگۈل ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى ۋە خۇش پۇراقلىقى بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، گۈللەرنىڭ گۈل بەرگىلىرىدە

ماي هۆجەيرىلىرى بولىدۇ. ئۇنىڭ تەركىبىدە بىرخىل ئۇچۇچان خۇش پۇراقلىق ماي بولۇپ، ئۇ بېنزولىن (ئېفىر) دەپ ئاتىلىدۇ. گۈللەرنىڭ گۈل بەرگىلىرىدىكى ماي هۆجەيرىلىرى ئۆزى ئىشلەپچىقارغان خۇش پۇراقلىق ئېفىرلىق مايلارنى ياغ نەيچىلىرى ئارقىلىق ئۈزلۈكسىز هالدا سىرتقا ئاجرىتىپ چىقىرالايدۇ. خوش پۇراقلىق مايلار ناهايىتى ئاسان پارلىنىدۇ. ئۇ پارلانغاندا ئەتراپقا خۇشبۇي پۇراق تارقىتىدۇ ھەمدە ئادەتتىكى تېمپېراتۇرا شارائىتىدا سۇ تەركىبى بىلەن بىرلىكتە پارغا ئايلىنىش ئارقىلىق كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان خۇش پۇراق چاچىدۇ.

بىزنىڭ گۈللەردىكى خۇش پۇراقنى پۇرىيالىشىمىز-دىكى سەۋەب شۇكى، بېنزولىن ئىچىدىن قېچىپ چىققان گاز مولېكۇلىلىرى بۇرنىمىزغا كىرىدۇ. خۇش پۇراق مايىنى ئاپتاپتا قويساق، تېخىمۇ تېز پارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. شۇڭا كۈن نۇرى ياخشى بولغان چاغلاردا، گۈلنىڭ خوش پۇرىقى تېخىمۇ كۈچلۈك بولۇپ، پۇرىقى تېخىمۇ يىراق جايلارغىچە تارقىلىدۇ. قىزىلگۈل ئارقا-ئارقىدىن پورەكلەپ ئېچىلغان مەزگىللەردە، ئۇنىڭ پۇرىقىنىڭ يىراق — يىراقلارغا تارقىلىپ بېرىشىنىڭ سەۋەبىمۇ دەل مۇشۇ يەردە.

قىزىلگۈلنىڭ پۇرىقى يەنە هاۋانى ساپلاشتۇرىدۇ. كىشىلەردە ھېس - هاياجان قوزغىتىدۇ. روھنى ئۇرغىتىدۇ، مىجەزنى ياخشىلايدۇ. قىزىلگۈلنىڭ پورىقى بىلەن كۆڭۈل ئايىنىش، قۇسۇش، يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرى، زىققا، يۇقىرى قان بېسىم، نىرۋا

ئاجىزلىق، ئۈيقۇسىزلىق، هارغىنلىق كېسەللىكلىرىنى داۋالىغىلى بولىدۇ.

چەت ئەللەردە گۈل پۇرىقىدىن پايدىلىنىپ كېسەل داۋالايدۇ. كىشىلەر گۈل پورىقىدىن نەپەسلەنگەندىن كېيىن، پۇراق نېرۋا سىستېمىسىغا تەسىر قىلىپ كونترول قىلىش ياكى قوزغىتىش تۈيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ، نەتىجىدە مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنىڭ پائالىيىتى جانلىنىدۇ ياكى تۇراقلىشىدۇ. قىزىلگۈل تازا پورەكلەپ ئېچىلغان پەسىلدە، هەر كۈنى سەهەردە، گۈللۈك ئارىسىغا كىرىپ گۈللەرنى پۇراپ 15 — 20 مىنۇت باغ سەيلىسى قىلغاندا يۇقىرىقىدەك كېسەللىكلەر ئۈچۈن ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك ياخشى بولىدۇ.

**3) قىزىلگۈل پۇرىقىنىڭ مۇھىتنى دېزىنفېكسىيە قىلىش، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كېسەللىكلەرگە قارشىلىق كۆرسىتىش رولى بار**

تەبىئەت دۇنياسىدا گۈللەرنىڭ خىللىرى ناهايىتى كۆپ. هەرخىل گۈللەرنىڭ ئۆز ئالدىغا هەر خىل ئالاهىدىلىكلىرى بولىدۇ. بەزى گۈللەر ئۆز تېنىدىن ئاجرىتىپ چىقارغان ئۇچۇچان مايلىرى ئارقىلىق هاۋادىكى زىيانداش مىكروبلارنى ئۆلتۈرەلەيدۇ. بەزى گۈللەر ئادەمگە زىيانلىق گازلارنى سۈمۈرۈۋېلىپ، هاۋانى ساپلاشتۇرىدۇ. قىزىلگۈلنىڭ خۇش پۇرىقى ئادەمنىڭ سالامەتلىكىگە پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، باشقا گۈل — چېچەكلەرگە ئوخشاش زەهەرلىك گازلارنى سۈمۈرۈۋېلىپ هاۋانى تازىلىيالايدۇ، كېسەللىك مىكروبلىرىنى يوقىتالايدۇ.

## 5. قىزىلگۈلنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى

تەتقىقات نەتىجىسىگە قارىغاندا، قىزىلگۈلنىڭ گۈلى تەركىبىدە 15 خىلدىن ئارتۇق خىمىيىلىك ماددا بار ئىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە %2.04 تى قىزىلگۈل مېيى (گۈل يېغى)، %23 تى ئاچچىق تەملىك ماددا، تاننىن، ئورگانىك كىسلاتا، قىزىل ۋە سېرىق بوياق ماددىسى، موم قاتارلىق ماددىلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئادەم بەدىنىگە پايدىلىق رولى ناھايىتى چوڭ ئىكەن. قىزىلگۈل مېيى تەركىبىدە كۆپ مىقداردا ۋىتامىن C، سترونىلول، ئېۋگىنول، كوئېرىستىن ۋە مەلۇم مىقداردا موزا كىسلاتاسى، كاروتىن، سېرىق پىگېمىنت، لىنا نوئول قاتارلىق ماددىلار بولۇپ، گۈل مېيىنىڭ ئادەم بەدىنىگە بولغان شىپالىق رولى ئۇنىڭ گۈلىگە قارىغاندا تېخىمۇ يۇقىرى بولىدىكەن.

## 6. قىزىلگۈلنىڭ دورىلىق خۇسۇسىيىتى

قىزىلگۈلنىڭ تەبىئىتى: ئاۋۋالقى دەرىجىدە سوغۇق، 2. دەرىجىدە قۇرۇق بولۇپ، ئاساسەن هۆل ئىسسىق دەپ قارىلىدۇ.

قىزىلگۈلنىڭ بەرگىسى، غۇنچىسى، ئۇرۇقى، خەمىكى، گۈلچېكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ. قىزىلگۈلنىڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە ئىشلىتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، قىزىتما قايتۇرۇش، ئاغرىق توختىتىش، نېرۋا ئاغرىقىنى پەسەيتىش، ئىچ

قاتۇرۇش، يۇرەك، ئۆپكە، جىگەر، ئاشقازان، تال قاتارلىق ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، ئەزالاردىكى ئىششىقلارنى قايتۇرۇش، ھەرخىل سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى داۋالاش، كۆڭۈلنى خۇشخۇي قىلىش، قاننى جانلاندۇرۇش، يەللەرنى تارقىتىش، مىزاجنى تەڭشەش، ئېغىزنى خۇشبۇي قىلىش قاتارلىق خوسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

**1) قىزىلگۈل بەرگىسى:** قىزىلگۈلنىڭ ھۆل بەرگىلىرىدىن 60 گرامنى سىقىپ، ئۇنىڭ سۈيىنى ئىچىپ بەرسە، قورساقتىكى يەلنى ھەيدەپ تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ. قىزىلگۈل بەرگىسىنىڭ ھۆل ياكى قۇرۇتۇلغىنىنى قايناق سۇغا دەملەپ ئىچسە يۇرەك، ئۆپكە، ئاشقازان، جىگەر، بۆرەك ۋە ئۈچەيلەرنى قۇۋۋەتلەندۇرىدۇ. بالىياتقۇ، مەقئەتلەردىكى ئاغرىققا شىپا بولىدۇ. قۇرۇتۇلغان قىزىلگۈل بەرگىسىنى يۇمشاق سوقۇپ، سولۇق جاراھەتلەرگە سەپكەندە جاراھەتنى قاتۇرىدۇ، ئېغىز ئىچىدىكى مۇدۇر چاقلارغا سەپسە ئاغرىق پەسەيتىدۇ. بالىياتقۇ كېسەللىكلىرى ۋە ئاق خۇن كېسەللىكلىرىدە قۇرۇتۇلغان قىزىلگۈل ئۇرۇقىنى گۈل بەرگىسى بىلەن سوقۇپ، قېلىن ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، پاكىز داكىغا ئوراپ بالىياتقۇ ئېغىزىغا قويۇپ بەرسە ئۇنۇمى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ.

**2) قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسى:** قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسى ئىچ سۈرۈشنى داۋالاشتا كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ، بولۇپمۇ يۇرەك زەئىپلىكىدىن بولغان ئۆتكۈر دېزىنتېرىيە ۋە ھەر خىل سەۋەبتىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىنى سوقۇپ، خېمىرقىلىپ ئىششىققا

چاپسا ئىششىق يانىدۇ.

3) **قىزىلگۈل ئۇرۇقى:** قىزىلگۈلنىڭ ئۇرۇقىنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، بالىياتقۇغا قويۇلسا بالىياتقۇدىن كەلگەن قان ۋە سۇنى ھەمدە سىپسىق پۇراقنى يوقىتىدۇ، تۇرلۇك جاراھەتلەرگە سەپسە قاتۇرۇپ گۆش ئۇندۇرىدۇ.

قىزىلگۈل ئۇرۇقى، رۇم بىدىيانلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گرامدىن، سىرىق ئوت ئۇرۇقى، بىدىيان، كاسىنە ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، كاسىنە يىلتىزى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 12 گرامدىن ئېلىپ، 400 گرام شېكەر بىلەن قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ، كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەرقېتىمدا 10 مىللىلىتىردىن ئىستېمال قىلىنسا، جىگەرنىڭ ھارارىتىنى تۆۋەنلىتىپ، جىگەر، ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈپ، قەۋزىيەتكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

قىزىلگۈلنىڭ ئۇرۇقىدىن 9 گرامنى سوقۇپ، قايناق سۇ بىلەن ئىچسە 4، 5 كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان تەپنىڭ قىزىتمىسىنى پەسەيتىدۇ.

4) **قىزىلگۈل خەمىكى:** قىزىلگۈلنىڭ قۇرۇتۇلغان خەمىكىنى سوقۇپ، تاسقاپ، تالقان تەييارلاپ بەدەندىكى سۇلۇق جاراھەتلەرگە سەپسە، تېرىدىكى سۇلىشىش خاراكتېرلىك جاراھەت ۋە يارىلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

قىزىلگۈل خەمىكىدىن 35گرام، كاسىنەدىن 60گرام، بىدىيان يىلتىزىدىن 90گرام، ئىزخىردىن 12گرام، رەۋەن، ئەپتىمۇن، كاسىنە ئۇرۇقى

قاتارلىقلارنىڭ ھەربىردىن 30گرامدىن ئېلىپ، تۆت لىتىر سۇ ۋە 400گرام شېكەر بىلەن قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ، كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 10 مىللىلىتىردىن ئىستېمال قىلسا، جىگەرنىڭ ھارارىتىنى تۆۋەنلىتىپ، سېرىقلىق چۇشۇش (يەرقان) كېسەللىكىگە شىپا بولىدۇ.

قىزىلگۈل خەمىكى، قۇرۇق يۇمغاقسۈت، سۇماق، تاباشىرلارنىڭ ھەر قايسىسىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ، تالقان تەيۇشقا مەنپەت قىلىدۇ.

**5) قىزىلگۈل چېچىكى (قىزىلگۈلنىڭ ئۇتتۇرىسىدىكى سېرىق چېچىكى):** قىزىلگۈل چېچىكىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، قان توختىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

قىزىلگۈل چېچىكىنى يۇمشاق سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، قايناق سۇ بىلەن ئىچىپ بەرسە، ئىچ سۇرۇشنى توختىتىدۇ. ئېغىز ئىچىگە پۈركىسە، ئېغىز ياللۇغىغا شىپا بولىدۇ.

قىزىلگۈلنىڭ چېچىكى، زىرە، پىننە، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، مەستىكى قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىردىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، سوقۇپ، تاسقاپ، تالقان تەييارلاپ، قىزىلگۈل گۈلقەنتى بىلەن بىرگە ئىستېمال قىلسا، ھەرخىل تېرە كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ.

قىزىلگۈلنىڭ قۇرۇتۇلغان چېچىكىنى يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، تالقان تەييارلاپ بەدەنگە سۈرتۈپ بەرسە، زىيادە تەرلەشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. داكىغا ئوراپ ماتكىغا كىرگۈزۈلسە، ئاق خۇننى توختىتىپ، نەملىكنى

قۇرۇتىدۇ، بالىياتقۇدىكى جاراھەتلەرنى ساقايتىدۇ.

6) قىزىلگۈل گۈلقەنتى: ھەسەلدە ياسالغان قىزىلگۈل گۈلقەنتىنىڭ تەبىئىتى ئىسسىق، شېكەردە ياسالغىنىنىڭ تەبىئىتى سوغۇق. قىزىلگۈل گۈلقەنتى — قىزىلگۈلنىڭ گۈل بەرگىلىرى بىلەن قەنتىنىڭ بىرىكمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى، شىپالىق ئۈنۈمى ياخشى، ئىشلىتىلىش دائىرىسى كەڭ.

قىزىلگۈل گۈلقەنتى مىزاجنى تەڭشەيدۇ، بەدەننى قۇۋۋەتلەندۈرىدۇ، ئىچكى ئەزالاردىكى توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. مىزاج بۇزۇلۇش خاراكتېردىكى كېسەللىكلەرگە، بەدەن ئاجىزلىقى، ھەرخىل تىپتىكى جىگەر، ئۆپكە، يۈرەك، تال، ئاشقازان كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ. گۈلقەنتنى ھەر كۈنى مۇۋاپىق مىقداردا يەپ بەرسە، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئادەمنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئاشۇرىدۇ. ئاشقازان كېسەللىكلىرى سەۋەبىدىن بولغان ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ. ئاشقازان، نېرۋا، رېماتىزمنى ياخشىلايدۇ. گۈلقەنتنى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن قوشۇپ داۋاملىق يەپ بەرسە ئۆپكە تۇبېركولىيۇزىغا شىپا بولىدۇ. چوڭ كىشىلەر ھەر كۈنى 8 گرام، كىچىك بالىلار 3 ـ 5 گرامغىچە ئىستېمال قىلسا بولىدۇ.

7) قىزىلگۈل مېيى: قىزىلگۈل مېيىنى بەدەنگە سۈرتۈپ بەرسە ئاغرىق توختىتىدۇ، ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ، ھارارەتنى پەسەيتىپ بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ. ھەرخىل تېرە كېسەللىكلىرىگە، سەپراخىلتىنىڭ غەيرىي تەبىئىي ئۆزگىرىشىدىن بولغان چوڭ — كىچىك بوغۇملارنىڭ ياللۇغلىنىشىغا شىپا بولىدۇ. ئىسسىقتىن بولغان

ئىشقلارنى ياندۇرىدۇ.

8) **قىزىلگۈل ئەرەقى:** قىزىلگۈل ئەرەقىنى كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 30 گرامدىن ئىستېمال قىلىپ بەرسە، قان تومۇرلارنى كېڭەيتىپ، قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىدۇ. ھارارەتنى پەسەيتىپ، ئەزالاردىكى توسالغۇلارنى ئېچىپ، تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ. مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزۈپ، نېرۋىلارنىڭ قوزغىلىشىنى پەسەيتىدۇ. كۆڭۈلگە خۇشلۇق كەلتۈرىدۇ.

9) **قىزىلگۈل مەلھىمى:** قىزىلگۈل مەلھىمىنى كېسەلنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، كۈندە مۇۋاپىق مىقداردا ئاغرىق جايغا تېڭىپ بەرسە، جاراھەتلەرنى ئېغىز ئالدۇرۇپ ساقىيىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ. تېرىنى يۇمشىتىپ، تېرە يېرىلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

10) **قىزىلگۈل تالقىنى:** قىزىلگۈل تالقىنىنى بەدەنگە سۈرتۈپ بەرسە، تېرىدىكى ھۆللۈكنى تارتىدۇ، تېرىنى سىلىقلاشتۇرۇپ پارقىرىتىدۇ، ھەر خىل كۆيۈك ۋە سۇلۇق جاراھەتلەرگە شىپا بولىدۇ.

ئېغىز بوشلۇقىدىكى ھەرخىل يارىلارغا سېپىپ بەرسە ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. پۇت ، قولتۇققا سۈرتۈپ بەرسە، پۇت، قولتۇق پۇراشنى يوقىتىدۇ.

11) **قىزىلگۈل شەربىتى:** قىزىلگۈل شەربىتىنىڭ تەبىئىتى سوغۇق بولۇپ، ئەھۋالغا قاراپ كۈندە بىر قېتىم ئىستېمال قىلىپ بەرسە، يۈرەك، ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەندۈرىدۇ، ھۆللۈكنى تۈگىتىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، ئېغىزنى خۇشبۇي قىلىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى

پەسەيتىدۇ.
تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا قىزىلگۈل ۋە ئۇنىڭ مېيى تەركىبىدە ئېۋگېنول، سترولىنول، كوئېرستىن قاتارلىق ئورگانىك ماددىلار بار ئىكەن. ئېۋگېنولنىڭ كېسەل پەيدا قىلغۇچى زەمبۇرۇغ، ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيىسى ۋە ئۆپكە ياللۇغى، تولغاق، چوڭ ئۈچەي ھەمدە سىل قاتارلىقلارنىڭ تاياقچە باكتېرىيىلىرىنى تورمۇزلاش رولى بولۇپ، ئۇنىڭ بەش پىرسەنتلىك سۇتىسىمان ياسالمىسى ئاشقازان سۇيۇقلۇقىنىڭ ئاجرىلىشىنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇرۇپ، كىسلاتالىقىنى ئاشۇرمايدىغانلىقى؛ سترولىنولنىڭ مەددە قۇرتلارنى ئۆلتۈرۈش ۋە چۈشۈرۈش، زەمبۇرۇغلارنى ئۆلتۈرۈش ۋە تورمۇزلاش رولى بارلىقى؛ كوئېرستىنىنىڭ بەلغەم يۇمشىتىش، يۆتەل توختىتىش، قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىش قىل قان تومۇرلارنىڭ قارشىلىق كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ چۈرۈكلۈكىنى تۆۋەنلىتىش، قان تەركىبىدىكى ماي مىقدارىنى ئازايتىش قاتارلىق رولى بارلىقى ئىسپاتلانغان.

## 7. قىزىلگۈلنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى

قىزىلگۈل ئىقتىسادىي قىممىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان ئۆسۈملۈك بولۇپ، قىزىلگۈلنىڭ بەرگىلىرىدىن مىللىي تېبابەتچىلىكتە گۈلقەنت، قىزىلگۈل مېيى، قىزىلگۈل ئەرەقى، قىزىلگۈل مەلھىمى، قىزىلگۈل تالقىنى، قىزىلگۈل شەربىتى قاتارلىقلارنى پىشىشقلاپ

ئىشلەپ، تۈرلۈك كېسەللىكلەرنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ. يېمەك - ئىچمەك سانائىتىدە پېچىنە - پىرەنىك، قەنت - گېزەك، قىزىلگۈل هارىقى، قىزىلگۈل چېيى، كەمپۈت قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ.

تۇرمۇش بۇيۇملىرى سانائىتىدە قىزىلگۈل مېيى، ئەتىر، ئەتىر سوپۇن، پەرداز بۇيۇملىرى، چاچ مەلهىمى، مۇئەتتەر قاتارلىقلارنى ياساشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئالىي دەرىجىلىك خۇش پۇراقلىق ماتېرىيالدۇر. قىزىلگۈل مېيىنىڭ جەۋھىرى خەلقئارا بازاردا «سۇيۇق ئالتۇن» دېگەن نامغا ئىگە، ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ مۇهىم ئېكسپورت ماتېرىيالى بولۇپ، باهاسى ئىنتايىن قىممەت.

قىزىلگۈل مېيى — يېڭى ئېچىلغان قىزىلگۈلنىڭ گۈل بەرگىلىرىنى يىغىۋېلىپ، دىستىللەش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. قىزىلگۈلنىڭ ماي نىسبىتى ئىنتايىن تۆۋەن بولغاچقا، هەربىر كىلوگرام قىزىلگۈل مېيى ئىشلەش ئۈچۈن، 4000 مىڭ كىلوگرام گۈل بەرگىسى سەرپ قىلىنىشقا ياكى نەچچە يۈزمىڭ تال گۈل ئۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمما بىر قەترە (بىر تامچە) قىزىلگۈل مېيى بىلەن بەش يۈز گرام بىرىنچى دەرىجىلىك ئەتىر ياسىغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقئارا بازاردا قىزىلگۈل مېيىنىڭ باهاسى ئىنتايىن قىممەت.

ئادەتتىكى ئۇسۇلدا بىرنەچچە تال قىزىلگۈل ياكى پۇراقلىق ئەترگۈلنىڭ هۆل گۈل بەرگىلىرىنى 90% لىك ئىسپىرتقا چىلاپ قويغاندا، قىزىلگۈل مېيى ئىسپىرتتا ئېرىپ ئەتىر بولىدۇ. گۈل بەرگىلىرىنىڭ تىرىپىنى سۈزۈپ ئېلىۋېتىپ ئۆي ۋە كىيىم - كېچەكلەرگە

سەپكەندە، ئۇنىڭ خوش پۇرىقى زاۋۇت ئەتىرىسىدىن قېلىشمايدۇ. مانا بۇ — ئائىلىلەردە ئەتىر ياساشنىڭ ئەڭ ئاددىي ئۇسۇلى. ئەمما سانائەتتە ياسىلىدىغان ئەتىر، قىزىلگۈل مېيىنى پارلاندۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئاجرىتىۋېلىنغاندىن كېيىن ياسىلىدۇ.

ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، خوش پۇراقلىق مايلار سۈنئىي ئۇسۇلدا بىرىكتۈرۈلمەكتە. بازارلاردا سېتىلىۋاتقان ئەتىر ۋە قىزىلگۈل مۇئەتتىرى بىرخىل گىرانىيول بىرىكمىسى ئارقىلىق سۈنئىي ئۇسۇلدا ئىشلەپچىقىرىلغان. ئەمما، ئۇلارنىڭ پۇرىقى قىزىلگۈلنىڭ تەبىئىي پۇرىقىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. خوش پۇراقلىق مايلار سۈنئىي ئۇسۇلدا بىرىكتۈرۈلسە، گۈللەر زايە بولمايدۇ. سۈنئىي بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلى ئاسان، ئۈنۈمى يۇقىرى، تەننەرخى تۆۋەن.

قىزىلگۈل — خوتەن رايونىدا كۆپ ئۆستۈرۈلىدۇ، مەھسۇلاتى يۇقىرى، سېتىلىش باھاسى مۇۋاپىق، ئىشلىتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. خوتەن قىزىلگۈل ھارىقى زاۋۇتى قىزىلگۈلنىڭ گۈل بەرگلىرىنى خام ئەشيا قىلىپ قىزىلگۈل ھارىقى (مېگۇيشياڭ) ئىشلەپچىقىرىۋاتىدۇ. يېقىندا خوتەن شەھىرىدە قىزىلگۈل چاي زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. قىزىلگۈل — بۇ ئىككى زاۋۇتنىڭ ھاراق، چاي ئىشلەپچىقىرىشىدىكى مۇھىم خام ئەشياسى.

خوتەننىڭ قىزىلگۈلدىن گۈلقەنت، مۇرابا، شەربەت ياساش تارىخى ئۇزۇن بولۇپ، بۇ مەھسۇلاتلار ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان يەرلىك ئۇسۇلدا ياسىلىپ

كەلگەن، ئۇنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى مول، شىپالىق ئۈنۈمى يۇقىرى. خوتەن رايونىدىكى ھەرقايسى مىللىي شىپاخانىلار، تېۋىپلار، دورىگەرلەر ۋە شەخسىيلەر قىزىلگۈلنىڭ گۈل بەرگىلىرىنى خام ئەشيا قىلىپ، ئۇنىڭدىن قىزىلگۈل گۈلقەنتى، قىزىلگۈل مەلھىمى، قىزىلگۈل شەربىتى، قىزىلگۈل مېيى قاتارلىقلارنى ياساپ، بىمارلارنى ۋە ئۆز ئۆزىنى داۋالاپ شىپا تاپقوزۇپ كەلمەكتە.

قىزىلگۈلنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى ھەقىقەتەن يۇقىرى. ئادەتتە، بىر مو يەرگە 1800 تۈپتىن 2مىڭ تۈپكىچە قىزىلگۈل كۆچىتى تىكىشكە بولىدۇ. قىزىلگۈل كۆچىتى بۇيىل تىكىلسە، ئىككىنچى يىلى گۈلى ئېچىلىپ مەھسۇلات بېرىدۇ. بىر تۈپ قىزىلگۈلدىن 25 تالدىن 50 تالغىچە گۈل ئېچىلىدۇ. بىر مو يەردىكى قىزىلگۈلدىن 80 مىڭ تالدىن 120 مىڭ تالغىچە قىزىلگۈل ئۇزۇۋالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن ئەڭ ئاز دېگەندە، ئۈچ مىڭ يۈەندىن، بەش مىڭ يۈەنگىچە ساپ كىرىم قىلغىلى بولىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا، بىر مو يەردىكى قىزىلگۈلنىڭ ساپ كىرىمى، بىر مو يەردىكى بۇغداي، پاختا، قوناق، ياكى مېۋىلىك باغنىڭ ساپ كىرىمىدىن يۇقىرى بۇلىدۇ. بەزى جايلاردىكى بىرقىسىم دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ بېغىدىكى 4 — 5 پۇڭ كەلگەدەك يەردىكى قىزىلگۈلدىن 1000 ـ 1500 يۈەن كىرىم قىلغان.

ھازىر قىزىلگۈلنى خام ئەشيا قىلىدىغان زاۋۇتلارنىڭ ئېھتىياجى كۈندىن ـ كۈنگە ئاشماقتا ۋە خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ قىزىلگۈلنىڭ

باھاسىمۇ يىلدىن - يىلغا ئۆرلىمەكتە. 1998 - يىلى خوتەن رايونىدا مىڭ تال قىزىلگۈلنىڭ باھاسى 40 — 50 يۈەن ئەتراپىدا بولغان بولسا، ھازىر ئۇنىڭدىن بارغانسېرى ئۆرلىمەكتە. شۇڭا، ھويلا — ئارام‌لاردا قىزىلگۈل ئۆستۈرۈشنىڭ پايدىسى كۆپ.

# ئىككىنجى باب
# قىزىلگۈل كۆچىتىنى يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى

قىزىلگۈلنىڭ كۆچىتىنى يېتىشتۈرۈش ئاددىي، پەرۋىش قىلىش مەشغۇلاتلىرى ئاسان بولۇپ، ئادەتتە تۇپ ئايرىش، قەلەمچە تىكىش، نوتا باستۇرۇش (شاخ ياتقۇزۇش)، ئۇلاش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق كۆپەيتكىلى بولىدۇ. تۇپ ئايرىش، قەلەمچە تىكىش ئۇسۇللىرى كۆپرەك قوللىنىلىدۇ.

## 1. يەر تاللاش ۋە رەتلەش

قىزىلگۈلنىڭ تۇپراققا بولغان ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇنى كۆپەيتمەك ئاسان، شۇنداق بولسىمۇ قەلەمچە ئارقىلىق قىزىلگۈل كۆچىتىنى يېتىشتۈرىدىغان يەرلەرنى ياخشى تاللاپ تەكشى تۈزلەش تەلەپ قىلىنىدۇ.

قەلەمچە تىكىپ كۆچەت يېتىشتۈرىدىغان يەرلەرنى تاللاشتا، كۈننىڭ نۇرى بىۋاسىتە چۈشىدىغان، سۇغىرىش ئاسان، تۇپراق تەركىبى ياخشى ياكى مۇنبەت، نەمخۇش، قۇمساڭ ئەت تۇپراقلىق يەرلەرنى تاللاش لازىم. قەلەمچە تىكىشكە تاللانغان يەرلەرنى كۈزدە ئاغدۇرۇپ ئاپتاپقا سېلىش، ئەتىياز پەسلىدە يېتەرلىك ئېغىل قىغى تۆكۈپ،

يەنە بىر قېتىم ئاغدۇرۇپ، تەكشى تۈزلەپ تەييارلاش لازىم. ئېتىزلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى بىر خىل يەنى 5×3 مېتىردىن چوڭ بولماسلىقى، يانتۇلۇق پەرقى بەك چوڭ بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك.

ئائىلىلەردە قەلەمچە قىلىپ كۆچەت يېتىشتۈرىدىغان يەرلەرنى، شۇ يەرنىڭ سۇغىرىش شارائىتى، يەرنىڭ تەكشىلىك دەرىجىسى ۋە يەرنىڭ ئاز - كۆپلۈكى قاتارلىق ئەمەلىي ئەھۋاللارغا ئاساسەن رەتلەپ تەييارلاش لازىم. ھەرمو يەرگە تۆكۈلىدىغان يەرلىك قىغ 40 — 50 تاغاردىن كەم بولۇپ قالماسلىقى كېرەك.

## 2. شاخ يىغىپ قەلەمچە تەييارلاش

قىزىلگۈلنىڭ قەلەمچىسىنى تەييارلاشتا، ئالدى بىلەن قەلەمچە قىلىنىدىغان شاخ — نوتىلارنى يېتەرلىك يىغىشقا توغرا كېلىدۇ. قىزىلگۈلنىڭ 2 — 3 يىلدىن بۇيان ئېچىلىپ كېلىۋاتقان گۈل شاخلىرىدىن كېسەللىك ياكى ھاشارات ئاپىتىگە ئۇچرىمىغان ياكى زەخىملەنمىگەن غول - شاخلىرىنى قەلەمچە قىلىپ تىكىشكە بولىدۇ. قەلەمچە قىلىنىدىغان شاخلارنى قىزىلگۈلنى كۆمۈشتىن بۇرۇن كېسىپ يىغىۋېلىپ، قىشتا ئورىدا توڭلىتىپ ساقلىسىمۇ ياكى ئەتىياز پەسلىدە قىزىلگۈلنى ئاچقاندىن كېيىن، كېسىپ ئۆز ۋاقتىدا قەلەمچە قىلىپ تىكسىمۇ بولىدۇ. لېكىن، قەلەمچە قىلىشقا تەييارلانغان شاخلار شامالداپ قالماسلىقى كېرەك، ئۇنى ھۆل توپىغا كۆمۈپ قويۇپ، ۋاقتىدا ئېچىپ ۋاقتىدا قەلەمچە قىلىنىشى لازىم. شاخ

مەيلى قىشتا كېسىپ ساقلانسۇن ياكى ئەتىياز پەسلىدە كېسىپ قەلەمچە قىلىنسۇن، ئۇنىڭ كۆكلەش ئۇنۇمى ئوخشاشلا ياخشى بولىدۇ. لېكىن، ئەتىيازدا قىزىلگۇلنى ئاچقاندىن كېيىن، شاخ يىغىپ، بىر ياقتىن كېسىپ، بىر ياقتىن تىكسە، ئۇنىڭ كۆكلەش ئۇنۇمى تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەمگەك كۈچى قاتارلىق بىر قىسىم چىقىملارنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ.

**قەلەمچىنى كېسىش ۋە تىكىش ئۇسۇلى —** قىزىلگۇل قەلەمچىسى كېسىش ۋە تىكىش تېرەك قەلەمچىسىنى كېسىش ۋە تىكىش ئۇسۇلىغا ئوخشاش بولىدۇ. ئەمما تېرەك قەلەمچىسىنى تىككەنگە قارىغاندا قۇر ئارىلىقى كەڭ، تۈپ ئارىلىقى زىچ بولىدۇ. يەنى، قىزىلگۇل قەلەمچىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 18 — 20 سانتىمېتىر بولۇشى، يەرگە تىكىلىدىغان تەرىپى قىيپاش، يەر ئۇستىدىكى ئۇچى تىك كېسىلىشى لازىم. قەلەمچە قىلىش ئۆلچىمىگە توشمايدىغان ئوششاق شاخلارنى مەخسۇس يەر تەييارلاپ 15 — 20 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا تىكىپ، دەرھال سۇ قۇيۇپ بېرىلسە، ئۇنىڭ كۆكلەش ئۇنۇمىمۇ يۇقىرى بولىدۇ.

## 3. قىزىلگۇل كۆچىتىنى يېتىشتۈرۈش ۋە كۆپەيتىش

قىزىلگۇل — قەلەمچە قىلىش، تۈپ ئايرىش، نوتا باستۇرۇش، ئۇلاش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق كۆپەيتىلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدا كۆپەيتىلگەن كۆچەتلەر جىنسسىز

كۆپەيتىلگەن كۆچەت دەپ ئاتىلىدۇ. قىزىلگۈلنىڭ غول شېخى ياكى نوتىلىرىنى تۇپراققا سانجىش ئارقىلىق كۆپەيتىش ئۇسۇلى قەلەمچە تىكىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش دەپ ئاتىلىدۇ.

قىزىلگۈلنى كۆپەيتىشتە قەلەمچە قىلىش، تۇپ ئايرىش ئۇسۇللىرى كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. نوتا باستۇرۇش، ئۇلاش ئارقىلىق كۆپەيتىش ئۇسۇللىرى كۆپ قوللىنىلمايدۇ.

**1) قەلەمچە قىلىپ كۆپەيتىش:** قىزىلگۈلنى قەلەمچە قىلىپ كۆپەيتىش ئاددىي، ئىگىلەش ئاسان، مەبلەغ ۋە تېخنىكا كۈچى كۆپ سەرپ قىلىنمايدىغان ئۇسۇل. شۇڭا بۇ، كۆپ، تېز، ياخشى، تېجەشلىك ئۇسۇل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەيلى قايسى خىلدىكى دەرەخ ياكى ئۆسۈملۈك بولسۇن، تىكىلگەن قەلەمچىنىڭ كۆكلەش — كۆكلىمەسلىكى قەلەمچە يىلتىزىنىڭ شەكىللىنىشىگە باغلىق بولىدۇ. قىزىلگۈل، ئەتىرگۈل قەلەمچىلىرىمۇ ئەلۋەتتە شۇنداق. ھالبۇكى، يىلتىز پروتوپلازمىسى تىكىلگەن قەلەمچىنىڭ يىلتىز تارتىشىدىكى مۇھىم ماددىي ئاساس بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، تىكىلگەن قەلەمچىلەرنىڭ كۆكلەش — كۆكلىمەسلىكى ياكى كۆكلەش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى — تۆۋەن بولۇشى، ئىچكى ۋە تاشقى ئامىللارنىڭ تەسىرىگىمۇ باغلىق. ئىچكى ئامىل دېگەندە، قەلەمچىنىڭ ئىنچىكە - توملۇقى، ئۇزۇن - قىسقىلىقى، قاتمال ياكى نوتا ئىكەنلىكى، ساغلام ياكى كېسەللىكىنى كۆرسىتىدۇ. تاشقى ئامىل دېگەندە، تۇپراق قۇرۇلمىسى، تۇپراقنىڭ نەملىكى (سۇ)، تېمپېراتۇرا، ھاۋا قاتارلىق

تاشقى مۇھىت شارائىتىنى كۆرسىتىدۇ. قەلەمچىلەرنىڭ كۆكلەش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى — تۆۋەن بولۇشىغا قەلەمچىلەرنىڭ ئۆزىدىكى ئىچكى ئامىللار سەۋەب بولغاندىن باشقا، تاشقى مۇھىت شارائىتىمۇ ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. شۇڭا، قەلەمچىنىڭ يىلتىز چىقىرىشىنى تېزلىتىپ، كۆكلەش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ياخشى ئىچكى ۋە تاشقى مۇھىت شارائىتى يارىتىلىش كېرەك.

قەلەمچىلەرنىڭ كۆكلەش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش، يىلتىز چىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، قەلەمچىلەرنىڭ يەرگە سانجىلىدىغان قىسمىنى ئائوكسىن (ئۆستۈرگۈچى گورمون) ياكى «TAB» يىلتىز تارتقۇزۇش ئونتوغىنىڭ سۇيۇقلۇقىغا چىلاپ تىكسە، ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ.

قەلەمچە تىكىپ كۆپەيتىش ئۇسۇلى باشقا كۆپەيتىش ئۇسۇللىرىغا قارىغاندا ئىلغار، سۈرئىتى تېز، ئۈنۈمى ياخشى ئۇسۇل بولغاچقا، بۇ ئۇسۇل بىلەن نورغۇنلىغان كۆچەت يېتىشتۈرۈپ، كۆچەت مەنبەسىنى كېڭەيتكىلى بولىدۇ. قەلەمچىلەرنىڭ كۆكلەش نىسبىتى يۇقىرى، ئۆسۈشى تېز بولۇپ، پەرۋىش قىلىش ئۇسۇلىمۇ ئاسان.

قىزىلگۈل قەلەمچىسىنى ئەتىيازدا، يەنى 3 — ئاينىڭ 20 — كۈنلىرىدىن 4 — ئاينىڭ 10 -كۈنلىرىگىچە بولغان مەزگىلدە تىكسە مۇۋاپىق بولىدۇ. قۇر ئارىلىقى 50 — 60 سانتىمېتىر، تۈپ ئارىلىقى 3—4 سانتىمېتىر بولسا بولىدۇ. قىزىلگۈل كۆچىتى قىشتا كۆمۈلىدىغان بولغاچقا، قۇر ئارىلىقى ئادەتتە 50

سانتىمېتىردىن تار بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. قەلەمچە تىككەندە، تاناپ تارتىپ، قۇر ئېچىپ، قۇر ئېچىگە تىكىپ كۆمگەندىن كېيىن، دەسسەپ تۈۋىنى چىڭىتىپ، ئاندىن دەرھال سۇغىرىش لازىم. ئەگەر، يەرنى ئۇسا قىلىپ ئاندىن تىكىشكە توغرا كەلسە، يەرنى قايتىدىن چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ (كەتمەن بىلەن يۇمشىتىپ) ئاندىن تىكىش كېرەك. بۇنىڭدا، ئالدى بىلەن تاناپ تارتىپ قۇرئارىلىقىنى بەلگىلەپ بولغاندىن كېيىن، ئورەك ئېچىپ قەلەمچىنى ئورەككە تىكىپ، تۈۋىگە توپا تاشلاپ دەسسەپ چىڭداش لازىم. ئورەك ئاچماي سانجىپ تىكىشكە بولمايدۇ. قىزىلگۈل قەلەمچىسىنى چۆنەك تارتىپ سۇلىياۋ ياپقاندىن كېيىن، چۆنەك ئۈستىگە تاناپ تارتىپ سانجىپ تىكىسىمۇ بولىدۇ. ئەمما، بۇنداق ئۇسۇلدا تىككەندە، چۆنەكنىڭ كەڭلىكى 60 سانتىمېتىر، قۇر بىلەن قۇرنىڭ ئارىلىقى 40 سانتىمېتىر (چۆنەك ئۈستىدىكى ئىككى رەتكە قارىتىلغان)، چۆنەكنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قۇرنىڭ ئارىلىقى 60 سانتىمېتىر كەڭلىكتە بولۇشى كېرەك. ئومۇمەن، بىر مو يەرگە 10 مىڭ تالدىن 15 مىڭ تالغىچە قەلەمچە تىكسە مۇۋاپىق بولىدۇ. شۇ يىلى قىزىلگۈلنىڭ يىلتىزىدىن تۇپلىنىپ چىققان، ياكى قەلەمچە قىلىش ئۆلچىمىگە توشمايدىغان ئىنچىكە شاخلارنى، قەلەمچىنىڭ ئۇچىدىن كېسىۋەتكەن شاخلارنىمۇ ئايرىم جايغا سانجىپ دەرھال سۇ قويۇۋەتسە ئۇمۇ ئاسان كۆكلەيدۇ.

تۇپراقنىڭ ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈشچانلىقى، يۇمشاقلىقى ۋە نەملىكى قەلەمچىنىڭ بالدۇر يىلتىز تارتىپ كۆكلىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسلىق ئامىل

ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، تۇپراقنى يۇمشىتىپ قەلەمچىنىڭ تۈۋىگە ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈش، ۋاقتى قارايىدا سوغىرىپ، بىخ ۋە يىلتىز چىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

2) **تۈپ ئايرىپ كۆپەيتىش:** تۈپ ئايرىپ كۆپەيتىش، ئىككى - ئۈچ يىل ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولغان كونا قىزىلگۈللەرنىڭ يىلتىز قىسمىدىن ئۆسۈپ چىققان بىر نەچچە يىللىق نوتىلىرنى يىرېۋېلىپ تىكىش ئارقىلىق كۆپەيتىش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇ ئۇسۇل بىلەن تىكىلگەن تۈپلەرنىڭ كۆكلەش نىسبىتى يۇقىرى، ئۆسۈشى تېز بولىدۇ. بۇ يىل تۈپ ئايرىپ تىككەنلىرى ياخشى پەرۋىش قىلىنسا ئىككىنچى يىلى ئېچىلىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ كۆچەت مەنبەسى ئاز بولۇشتەك يېتەرسىزلىكلىرىمۇ بار. شۇڭا، بۇ ئۇسۇل جايلارنىڭ كۆچەتكە بولغان ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇرۇپ كېتەلمەيدۇ. بۇ ئۇسۇل — قىزىلگۈل كۆلىمى كەڭ، زىچلىقى قويۇق، تاقلاپ كۆچۈرۈشكە باب كېلىدىغان جايلارغا ماس كېلىدۇ.

3) **نوتا باستۇرۇپ كۆپەيتىش:** بۇ، ئانا تۈپلەرنىڭ يىلتىز قىسمىدىن ئۆسۈپ چىققان نوتىلار ياكى قەلەمچە قىلىپ يېتىشتۈرۈلگەن 2 — 3 يىللىق كۆچەتلەرنى ئانا تۈپلەردىن ئايرىپ، ئەتىيازدا باستۇرۇش ئارقىلىق بىر تۈپ كۆچەتتىن كۆپلىگەن مۇستەقىل كۆچەتلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۇسۇلىدۇر.

نوتا باستۇرۇپ كۆپەيتىش ئۇسۇلى مۇنداق: ئەتىيازدا ئانا تۈپلەرنى كۆمۈكتىن ئاچقاندىن كېيىن، باستۇرۇپ كۆپەيتىشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان ياش نوتىلارنى تاللاپ ياتقۇزۇپ، ھەر 10 — 15 سانتىمېتىر قىسمىنى ئوچۇق

قالدۇرۇپ، تۇۋىدىن ئۇچىغىچە ئارىلاپ توپا بىلەن كۆمۈلىدۇ ياكى نېپىز (5 — 6 سانتىمېتىر) بىر ياپ كۆمسىمۇ بولىدۇ. مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن باستۇرۇلغان نوتىلارنىڭ ھەممىسى كۆمۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، قاندۇرۇپ سۇغىرىلىدۇ. بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، توپا بىلەن كۆمۈلگەن قىسمىدىن يىلتىز سۈرۈپ، ئۇچۇق قالدۇرۇلغان قىسمىدىن پەيدىنپەي چىقىرىدۇ - دە، بۇنىڭ بىلەن بىر تۈپ نوتىدىن 5 — 6 تۈپ كۆچەت يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ. ئۆسۈپ چىققان نوتىلار كۈز كىرگۈچە بولغان ئارىلىقتا 50 — 70 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. ئەگەر، ۋاقتىدا سۇغىرىپ، تۇۋىنى يومشىتىپ تۇرسا ئۇنىڭدىنمۇ ئېگىز ئۆسىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ بىرىنچى يىلىدا يىلتىز سۈرۈشى ئاستا، يىلتىزنىڭ ئۆسۈشى ئاجىز بولۇپ، پەقەت نېپىز توپا قاتلىمىدا چاچما يىلتىز شەكىللەندۈرىدۇ. بۇنداق كۆچەتلەرنى ئىككىنچى يىلى كۈزدە يۆتكەپ تىكسە مۇۋاپىق بولىدۇ.

نوتا باستۇرۇپ يېتىشتۈرۈلگەن كۆچەتلەر، ئەڭ ياخشىسى قىزىلگۈللۈكنىڭ شالاڭلىق، تارقاقلىق نىسبىتىنى تولۇقلاشقا ئىشلىتىلسە، كۆچەتنىڭ زىچلىق دەرىجىسىنى ئۆستۈرگىلى، يەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

**4) ئۇلاپ كۆپەيتىش:** قىزىلگۈلنى ئۇلاپ كۆپەيتىشتە، خۇددى ئەتىرگۈلگە ئوخشاشلا، ئازغاننى ئۇلاق ئاستى قىلىپ، بىخ ئۇلاق (كۆز ئۇلاق) قىلىش ئارقىلىق ئۇلاپ كۆپەيتىشكە بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئازغاننىڭ ئۇرۇقىنى تېرىپ ياكى نوتىسىنى قەلەمچە قىلىپ

كۆچەت يېتىشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئازغان تەبئىي ئۆسكەن جايلاردا، ئازغاننى ئۇلاق ئاستى قىلىپ قىزىلگۈل، ئەتىرگۈل قاتارلىقلارنى ئۇلاپ كۆپەيتىشكە بولىدۇ. ئەگەر، ئازغاننىڭ يەر ئۈستى قىسمىدىكى 25 — 30 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتىكى غولىنىڭ دىئامېتىرى ئىككى سانتىمېتىردىن يۇقىرى بولسا، قىپچا ئۇلاق قىلىشقا بولىدۇ. بىخ ئۇلاق (كۆز ئۇلاق) ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئەتىرگۈلگە قىزىلگۈلنى، ياكى قىزىلگۈلگە ئەتىرگۈلنى ئۇلاپ كۆكلىتىشكە بولىدۇ.

ئۇلاشنى باشلاشتىن 4 — 5 كۈن بۇرۇن، ئۇلاق ئاستى قىلىنىدىغان تۈپلەر (ئازغان) قاندۇرۇپ سۇغىرىلىدۇ. 4 — 5 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلاق ئاستى قىلىنىدىغان ئازغان تۈپى يەر يۈزىدىن 15 — 20 سانتىمېتىر قالدۇرۇلۇپ كېسىپ تاشلىنىدۇ. ياندىن چىققان شاخ - تىكەنلىرى پۈتاپ ئېلىۋېتىلىدۇ. ئۇلاق تۈپىنىڭ كېسىۋېتىلگەن يېرىدىن 2 — 3 سانتىمېتىر قالدۇرۇپ، ئۇلاق پىچىقى بىلەن قوۋزىقىدىن «T» شەكىللىك يېرىقچە ئويۇلىدۇ. ئاندىن قىزىلگۈلنىڭ بىخى بىر تال يوپۇرمىقى بىلەن ئويۇپ ئېلىنىپ، ئۇلاق تۈپىدىكى «T» شەكىللىك يېرىقچىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلىدۇ. ئۇلاپ بولغاندىن كېيىن، سۇلياۋ ياكى شوينا بىلەن ئۇلانغان جاي ئۈستىدىن ئاستىغا قارىتىپ مەھكەم تېڭىلىدۇ. بىخ ئۇلىنىپ بولغاندىن كېيىن، 25 — 30 كۈن ئىچىدە كۆكلەشكە باشلايدۇ. بىخ كۆكلەپ يېرىق ئىزى يوقالغۇچە ئۇلانغان كۆچەتلەرنى سۇغىرىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ مەزگىلدە سۇغارغاندا، ئۇلاق

ئىچىگە سۇ كىرىپ كېتىدۇ — دە، بىخ سېسىپ قىلىپ كۆكلەشكە تەسىر يېتىدۇ. بىخ كۆكلەپ 10 — 12 سانتىمېتىر بولغاندا، تېڭىقنى يېشىۋېتىش لازىم. قىزىلگۈلنى ئازغانغا بىخ (كۆز) ئۇلاش ئۇلاش ۋاقتى 5 — ئاينىڭ 20 — كۈنىدىن 6 — ئاينىڭ ئاخىرىغىچە تەخمىنەن 40 كۈن بولىدۇ. قىزىلگۈل، ئەتىرگۈلنى ئازغانغا قىپچا (شاخ ئۇلاق) ئۇلاق ئۇلاش ۋاقتى 3 — ئاينىڭ 20 — كۈنىدىن 4 — ئاينىڭ 10 — كۈنىگىچە 20 كۈن بولىدۇ.

9- ئاينىڭ ئىچىدە بىخ ئۇلاق قىلىپ ئۇلىسا، ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا بالدۇر كۆكلەپ چىقىدۇ. كۈز پەسلىدە ئۇلىغاندا ئۇلاق ئاستى تۇپىنىڭ شىخى كېسىپ تاشلانماي ئۇلاق بىخى ئەتىيازدا كۆكلەپ چىققاندىن كېيىن كېسىۋېتىلىدۇ، تېڭىقمۇ شۇ چاغدا يېشىۋېتىلىدۇ. مەيلى قايسى خىلدىكى ئۇلاق بولسۇن، ئىككى ئايغىچە ئۇلاق تۇپلىرىنىڭ پەرۋىشىنى كۈچەيتىپ، تۇۋىنى بوشىتىپ، پات - پات يۇمشىتىپ، ئۇلاقنىڭ يىرىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. بۇ يىل ئەتىياز ۋە يازدا ئۇلانغان تۇپلەر كېلەر يىلى ئېچىلىدۇ.

## 4. قىزىلگۈل كۆچىتىنى يۆتكەپ تىكىش

قىزىلگۈل كۆچىتىنى يۆتكەپ تىكىش — كۆچەتنى كۆچەتخانىدىن چىقىرىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يېتىشتۈرۈلگەن كۆچەتنىڭ سۈپىتى يۆتكەپ تىكىش تەلىپىگە يەتكەن چاغدا، ئاندىن كۆچەتخانىدىن چىقىرىشقا بولىدۇ. كۆچەتنى كۆچەتخانىدىن چىقىرىش كۆچەت يېتىشتۈرۈش

مەشغۇلاتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر ئىش. كۆچەتخانىدىن كۆچەت چىقىرىش جەريانى ئاساسەن كۆچەتنى قومۇرۇش، دەرىجىگە ئايرىش، ساناش، باغلاش، ۋاقىتلىق تىكىش، ئوراپ — قاچىلاش، توشۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ھەرقايسى جايلار، ۋە ھەرقايسى ئائىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ شۇ يىللىق قىزىلگۈل ئۆستۇرۇش پىلانىغا ئاساسەن، يەر تاللاپ، يەرنىڭ كۆلىمىنى مۇقىملىغاندىن باشقا، شۇ يەرگە يېتەرلىك قىزىلگۈل كۆچەتلىرىنى پىلانلاش ۋە كۆچەت مەنبەسىنى ئىگىلاش لازىم. كۆچەتلەرنى كۆچەتخانىدىن قومۇرۇپ چىقىرىشتىن بۇرۇن كۆچەتلەرنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىنى، سۈپىتىنى، ئېگىزلىكىنى، كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىنى بىر قېتىم تەكشۈرۈپ چىقىش لازىم.

كۆچەتنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈشتە، ئالدى بىلەن كۆچەتنىڭ ئېگىزلىكىنى تەكشۈرۈش كېرەك. چۈنكى، سۈپەتلىك كۆچەت مەلۇم ئېگىزلىككە ئىگە بولۇش كېرەك. ئادەتتە، قىزىلگۈل كۆچىتىنىڭ ئېگىزلىكى 60 — 70 سانتىمېتىردىن يۇقىرى بولسىلا، كۆچەتخانىدىن چىقىرىشقا بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، كۆچەتنىڭ يىلتىز بوغۇزىنىڭ دىئامېتىرى، يىلتىزلىرىنىڭ يېتىلىش ئەھۋالى، كېسەللىك، ھاشاراتلار زىيىنىنىڭ بار — يوقلۇقىنىمۇ، يىلتىز ۋە غولىدا مېخانىكىلىق زەخىملىنىشنىڭ بار — يوقلۇقىنىمۇ كۆچەتنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈشتىكى مۇھىم ئۆلچەم قىلىش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا، بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ كەتكەن، غولى ئىنچىكە، ئۆزى ئەۋرىشىم بولغان

كۆچەتلەرنى ئىشلەتمەسلىك كېرەك.

## 5. قىزىلگۈل كۆچىتىنى پەرۋىش قىلىش

قىزىلگۈل كۆچىتىنى پەرۋىش قىلىش بىرقەدەر ئاسان بولۇپ، ئاساسەن كۆچەتنى سۇغىرىش سۇنى چىقىرىۋېتىش، تۇۋىنى يۇمشىتىش، ئوتىنى ئوتاش، قوشۇمچە ئوغۇتلاش، تاقلاش، كېسەللىك — زىيانداش هاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇلارنى يوقىتىش، ئۇششۇكتىن مۇداپىئە كۆرۈش قاتارلىق تەدبىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**1) سۇغىرىش:** سۇغىرىش — تۇپراقتىكى ئۇنۇملۇك سۇ تەركىبىنى ئاشۇرۇپ، كۆچەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىللىرىدە تۇپراقتىكى نەملىككە بولغان تەلىپىگە كاپالەتلىك قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇۋاپىق سۇغىرىش — ساغلام كۆچەت يېتىشتۈرۈشنىڭ مۇهىم تەدبىرلىرىدىن بىرى هېسابلىنىدۇ.

قەلەمچىدىن يېتىشتۈرگەن قىزىلگۈل كۆچىتىنىڭ يىلتىز سىستېمىسى تەرەققىي قىلمىغان بولۇپ، ئۆزىگە كېتەرلىك سۇنى تۇپراقتىن ئاسانلىقچە سۈمۈرۈپ كېتەلمەيدۇ. تۇپراقتىكى سۇ يېتەرلىك بولمىسا، كۆچەتلەرنىڭ شاخ — يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ كېتىدۇ، هەتتا تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. ئۆسۈشى ئاستىلايدۇ ياكى ئۆسۈشتىن توختايدۇ. شۇڭا، كۆچەتلەرنى پات - پات سۇغىرىپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. تۇپراقنىڭ نەملىك

شارائىتى مۇۋاپىق بولغاندىلا، كۆچەتلەرنىڭ نورمال ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

قىزىلگۈلنىڭ قەلەمچىدىن ئۆستۈرۈلگەن يۇمران كۆچەتلىرى سۇ بېسىپ كېتىشتىن ۋە ھەددىدىن زىيادە نەملىكتىن قورقىدۇ. شۇڭا، ھەرقېتىم سۇغارغاندا بەك چىڭقاپ سۇغارماي، يېنىك سۇغىرىش كېرەك. ئادەتتە، قەلەمچىدىن ئۆستۈرۈلگەن قىزىلگۈل كۆچەتلىرى بىر يىلدا 5 — 7 قېتىم سۇغىرىلسا مۇۋاپىق بولىدۇ. ھەر قېتىم سۇغارغاندىن كېيىن، تۇۋىنى چاناپ يۇمشىتىش ئارقىلىق قەلەمچىلەرنىڭ يىلتىز تارتىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. ئاق يەرگە تىكىلگەن قەلەمچىلەرنى شۇ كۈنىلا سۇغىرىش، ئۇسىغا تىكىلگەن قەلەمچىلەرنى 7 — 8 كۈندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم سۇغىرىپ، تۇۋىنى چىڭداش كېرەك. قەلەمچىلەر بىخلىنىش مەزگىلىدە چىڭقاپ سۇ قۇيماسلىق (نېپىز سۇغىرىش)، كۆچەتلەر تېز ئۆسۈش مەزگىلىدە كۆپرەك سۇغىرىپ، سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، كۆچەتنىڭ ئاخىرقى ئۆسۈش مەزگىلىدە، كۆچەتنىڭ بىھۇدە ئۆسۈشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن سۇغىرىش قېتىم سانىنى پەيدىنپەي ئازايتىش كېرەك.

**2) تۇۋىنى يۇمشىتىش ۋە ئوتاش:** تۇۋىنى يۇمشىتىپ، ئوتىنى ئوتاش — كۆچەت يېتىشتۈرۈش خىزمىتىدىكى مۇھىم تەدبىرلەرنىڭ بىرى كۆچەتلەر ئۆسۈش مەزگىلىدە، ھۆل — يېغىن ۋە كۆپ سۇغىرىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، تۇپراقنىڭ ئۈستى قېتىۋالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تۇپراقتىكى سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى تېزلىشىپ، تۇپراقنىڭ سىڭدۈرۈش ئىقتىدارى

ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ ھەمدە تۇپراقنىڭ ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقى ياخشى بولماي، كۆچەت يىلتىزىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا، كۆچەتنىڭ تۈۋىنى يۇمشىتىشنىڭ مەقسىتى، تۇپراقتىكى نەملىكنى ساقلاپ، تۇپراقتىكى سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشىنى ئازايتىش، تۇپراقنىڭ ھاۋا ئۆتۈشتۈرۈش شارائىتىنى ياخشىلاپ، ھاۋانىڭ ئالمىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. شۇڭا، قىزىلگۈل كۆچەتلىرىگە ھەر نۆۋەت سۇ قۇيۇپ 5 — 6 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، قۇر ئارىلىقىنى كەتمەن بىلەن چاناپ تۈۋىنى يۇمشىتىش كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن ياۋا ئوت - چۆپلەرنى ئوتاپ، ئۇنىڭ كۆپىيىش مەنبەسىنى قاتتىق كونترول قىلىش لازىم.

ياۋا ئوت - چۆپلەرنىڭ كۆچەتنىڭ ئۆسۈشىگە بولغان زىيىنى ناھايىتى زور بولىدۇ، تۇپراقتىكى سۇ، ئوزۇقلۇق ماددىلانى ئۆزىگە سۈمۈرۈۋېلىپ، كۆچەتلەرنىڭ ئۆسۈشىنى چەكلەپ قويىدۇ. كۆچەتلەرنىڭ ھاۋا ئالماشتۇرۇش، كۈن نۇرىنى قوبۇل قىلىش شارائىتىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ياۋا ئوت — چۆپلەر كۆچەتلەرگە كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيىنىنى ئاسانلا يۇقتۇرىدۇ. شۇڭا، كۆچەتلەرنىڭ ئۆسۈش مەزگىلىدە ياۋا ئوت - چۆپلەرنى ۋاقتىدا ئوتاپ يوقىتىپ تۇرۇش لازىم.

شۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى، قەلەمچىلەر بىخ چىقىرىشقا باشلىغاندىن كېيىنكى مەزگىلدە، چانىغاندا بىخلارنىڭ كۆمۈلۈپ قېلىش، نوتىلارنىڭ يېرىلىپ كېتىش، قەلەمچىلەرنىڭ زەخىملىنىشىدىن ساقلىنىش لازىم.

3) ئوغۇتلاش: ئوغۇتلاش — تۇپراقنىڭ ئۇنۇمدار-لىقىنى ئاشۇرۇپ، كۆچەتلەرنى تېز ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىرلەرنىڭ بىرى شۇڭا، قەلەمچە قىلىنغان قىزىلگۈل كۆچەتلىرىنى ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا مەھەللىۋى ئوغۇت ۋە خىمىيىۋى ئوغۇتلار بىلەن ئوغۇتلاپ، تۇپراقنىڭ ئۇنۇمدارلىقىنى ئاشۇرۇپ، كۆچەتلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

قىزىلگۈل كۆچەتلىرىنى كۆپىنچە توخۇ-كەپتەرمايىقى ۋە قوي قىغى قاتارلىق ئورگانىك ئوغۇتلار بىلەن ئوغۇتلىنىدۇ. ئورگانىك ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلىغاندا، كۆچەتلەرنىڭ تۈۋىدىن چۆنەك ئېچىپ ئوغۇت بېرىپ، ئاندىن ئۈستىدىن كۆمۈپ سۇغىرىش كېرەك. كۆچەتلەرنى ئورگانىك ئوغۇت بىلەن 1 — 2 قېتىم ئوغۇتلىغاندا نورمال ئۆسۈپ غولى تومىلىشىدۇ. كۆچەت ئۆسۈپ 15 — 20 سانتىمېتىر بولغاندا، كۆچەتنىڭ تۈۋىدىن چۆنەك ئېچىپ، ئاز مىقداردا خىمىيىۋى ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلىسىمۇ ياكى ئورگانىك ئوغۇت بىلەن خىمىيىلىك ئوغۇتنى بىرلەشتۈرۈپ ئوغۇتلىسىمۇ بولىدۇ. ئازوتلۇق ئوغۇتلار بىلەن ئوغۇتلاپ، كۆپ سۇغىرىلسا، كۆچەتلەر كۆككە زورلاپ ئۆسۈپ كېتىپ يېتىۋالىدۇ، غولى ئىنچىكە، بويى ئېگىز ئۆسۈپ سۈپىتى ناچار بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا خىمىيىلىك ئوغۇتلار بىلەن كۆچەتلەرنى قوشۇمچە ئوغۇتلىغاندا، ئازوتلۇق ئوغۇتلارنى ئاز ئىشلىتىش، ئەڭ مۇھىمى توخۇ-كەپتەر مايىقى، قوي قىغى، كۇنجورە قاتارلىق ئورگانىك ئوغۇتلار بىلەن ئوغۇتلاش لازىم. خىمىيىلىك ئوغۇتلاردىن فوسفورلۇق، كالىيلىق ئوغۇتلارنى

ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، بىر مو يەرگە 8 — 10 كىلوگرام ئەتراپىدا ئوغۇت ئىشلەتسە مۇۋاپىق بولىدۇ. 8 — ئايدىن كېيىن ئوغۇتلاشنى توختىتىش، سۇيىنى پەيدىنپەي ئازايتىش لازىم.

**4) كېسەللىك، زىيانداش هاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇلارنى يوقىتىش:** قىزىلگۈل كۆچەتلىرى سېرىق دات كېسەللىكى بىلەن قىزىل ئۆمۈچۈك ۋە قاسىراقلىق قۇرتنىڭ زىيىنىغا ئاسان ئۇچرايدۇ. شۇڭا، ئەتىياز پەسلىدە، قىزىلگۈل بىخلىنىشتىن ئىلگىرى بەش بومې گرادوسلۇق هاك - گۈڭگۈرت بىرىكمىسى چېچىپ ئالدى ئېلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، كۆكپىتمۇ يۇمران كۆچەتلەرگە زىيان سالىدۇ. يازدا تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولغان چاغلاردا قىزىلگۈل كۆچەتلىرى قىزىل ئۆمۈچۈكنىڭ زىيىنىغا ئاسان ئۇچرايدۇ. بۇ چاغدا 1000 ھەسسىلىك تېرتىئون ياكى بىر سەر لازىنى ئىككى كىلوگرام سۇدا قاينىتىپ، سوۋۇغاندىن كېيىن چېچىپ يوقىتىش لازىم. بۇنىڭ بىلەن كۆكپىت، قىزىل ئۆمۈچۈكنىڭ زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەتىياز پەسلىدە قىزىلگۈل كۆچەتلىرىگە 1 — 3 قېتىمغىچە چېچىش 1% لىك بوردۇ سۇيۇقلۇقىنى ئارقىلىقمۇ كېسەللىك ۋە زىيانداش هاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

**5) ئۇششۇكتىن ساقلاش:** قىزىلگۈل كۆمۈپ قىشتىن چىقىرىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىرى بولۇپ، 11 — ئاينىڭ 20 — 30 — كۈنلىرى ئارىلىقىدا توپا بىلەن كۆمۈش ئارقىلىق ئۇششۇكتىن ساقلىنىدۇ. شۇڭا،

ئەتىيازدا قەلەمچە تىككەندە قۇر ئارىلىقىنى كەڭرەك قالدۇرۇش كېرەك. كۆچەتلەر كۆمۈلگەن مەزگىلدە سۇ كىرىپ كېتىشتىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك، كۆچەتلەرنى ئەتىياز پەسلىدە يەنى 3 — ئاينىڭ 25 — 30 — كۈنلىرى ئەتراپىدا كۆمۈكتىن ئېچىش لازىم.

## ئۇچىنچى باب
# قىزىلگۈل كۆچىتىنى تىكىپ باغ بىنا قىلىش تېخنىكىسى

باغچا ۋە هويلا — ئارامگاھلاردا ھەرخىل گۈللەرنى ئۆستۈرۈپ، ئىنچىكە پەرۋىش قىلغاندىلا، گۈللەر بۇك - باراقسان ئۆسۈپ، چىرايلىق ئېچىلىدۇ. ئۇ، مەنىۋى جەھەتتە مۇھىمىيىتىنى گۈزەللەشتۈرۈپ، ھاۋانى ساپلاشتۇرۇپلا قالماستىن، ماددىي جەھەتتە جەمئىيەت ۋە ئىنسانلار ئۈچۈن مەلۇم ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىپ بېرەلەيدۇ. قىزىلگۈل كۆچىتىنى تىكىپ باغ بىنا قىلىشنىڭ مەقسىتىمۇ دەل شۇنداق.

هويلا — ئارامگاھلاردا قىزىلگۈل ئۆستۈرۈش — دېھقانلارنىڭ كۆپ خىل ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بېيىش قەدىمىنى تېزلىتىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

### 1. يەر تاللاش ۋە تۈزلەش

قىزىلگۈلنىڭ تۇپراققا بولغان ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، ئەمما تۈز، شور تەركىبى يۇقىرى، يېپىشقاق، قۇم - شېغىللىق تۇپراق بولمىسلا، بىمالال ئۆسۈپ گۈلى

ئىچىلىدۇ.

تۇپراق — ھەرقانداق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئاساسلىق ياشاش شارائىتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قىزىلگۈل كۆچىتى تىكىپ باغ بىنا قىلىشتىن ئىلگىرى، تۇپراقنى ياخشى تاللاش كېرەك، ئەگەر تۇپراق شارائىتى ناچار بولسا، شۇ تۇپراققا نىسبەتەن بىر قاتار تېخنىكا - تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، تۇپراق تەركىبىنى ياخشىلاش لازىم. تۇپراققا تەدبىر قوللىنىشتىكى مۇھىم مەسىلە — تۇپراقنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى قانداق قىلىپ يۇقىرى كۆتۈرۈش، قانداق قىلىپ تىككەن كۆچەتلەرنى تولۇق ئەي قىلىش، قانداق قىلىپ سۈپىتى ياخشى، مەھسۇلاتى يۇقىرى بولغان قىزىلگۈللۈك باغلارنى بىنا قىلىشتىن ئىبارەت.

تۇپراقتىكى سۇ، ئوغۇت (مىكرو ئېلېمېنت)، تېمپېراتۇرا ئەھۋالى تۇپراق ئۈنۈمدارلىقىنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ تەڭپۇڭلۇقى ئارقىلىق كۆچەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى تەمىنلەيدىغان مۇۋاپىق شارائىت يارىتىش كېرەك. ھەرقانداق مېۋىلىك باغ بىنا قىلىشتا، ئالدى بىلەن شۇ مېۋىلىك دەرەخنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان يەرلەر تاللىنىدۇ. قىزىلگۈللۈك باغ بىنا قىلىشتىمۇ ئالدى بىلەن قىزىلگۈلنىڭ تۇپراق، ھاۋا كىلىماتىغا بولغان تەلىپى ۋە ماسلىشىشچانلىقىغا قاراپ شۇنىڭغا مۇۋاپىق كېلىدىغان يەرلەرنى تاللاش لازىم.

ئۇنداق بولسا، قىزىلگۈللۈك باغ بىنا قىلىشقا قانداق يەرلەر تاللانسا بولىدۇ؟

تۇپراق تەركىبى ياخشى ياكى بىرقەدەر ياخشى بولغان مۇنبەت تۇپراق، مونبەت قۇم تۇپراق، مۇنبەت سېغىز تۇپراق، قۇمساڭ چىرىندى توپراقلىق يەرلەر، كونا هويلا - ئارامىلارنىڭ ئورنى، هويلا - ئارامىلارنىڭ ئالدى - كەينىدىكى پارچە - پۇرات يەرلەر، مېۋىلىك باغ، ئورمانلىقلارنىڭ ئىچىدىكى كۈن نۇرى چۈشىدىغان بوش يەرلەر، ئېرىق - ئۆستەڭ، يول بويلىرىدىكى بىكار يەرلەر، ئىدارە — ئورگان، مەكتەپ، شەھەر باغچىلىرىدىكى قىزىلگۈل ئۆستۈرۈشكە باب كېلىدىغان يەرلەر تاللانسا ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ. قىزىلگۈل يورۇقلۇقنى خالايدىغان ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۇنى بۇك ئورمانلىق ئارىسى، ئېگىز غوللۇق زىرائەت تېرىلىدىغان سايە يەرلەرگە تىكمەسلىك كېرەك. بۇنداق يەرلەردە ياخشى ئۆسەلمەيدۇ، ئۆسكەندىمۇ گۈلى ئېچىلمايدۇ.

يەر تاللىنىپ بولغاندىن كېيىن، يەر ئاغدۇرۇش، يەر تۈزلەش، يەر تەييارلاش خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك، يەر تۈزلەشنىڭ مەقسىتى ياخشى تۇپراق شارائىتى يارىتىپ، كۆچەتلەرنىڭ يىلتىز تارتىش ۋە ئۆسۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىشتىن ئىبارەت. يەرنى ئاغدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، تاماق ئارقىلىق ئېتىزلىقتىكى چالما، قېتىپ قالغان قىغ - داڭگاللارنى پارچىلاش، يەرنى تەكشىلەپ، زىرائەتلەرنىڭ يىلتىزى ۋە ئوت - چۆپلەرنى تازىلاپ چىقىرىۋېتىش كېرەك. يەرنىڭ كۆلىمى، يانتۇلۇق پەرقى ۋە جايلىشىش ئەھۋالىغا قاراپ، ئۆلچەملىك ئېتىز تەييارلاپ، يەرنى تەكشى تۈزلەش ئارقىلىق كېتەرلىك قىزىلگۈل كۆچىتىنى ئالدىن تەييارلاش لازىم.

## 2. قىزىلگۈل كۆچىتىنى تىكىپ باغ بىنا قىلىش

كۆچەت تىكىش — باغ بىنا قىلىشنىڭ ماددىي ئاساسى. كۆچەت سۈپىتىنىڭ ياخشى — يامان بولۇشى ئەي بولۇش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى، ئۆسۈشىنىڭ تېز - ئاستا بولۇشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. سۈپەتلىك كۆچەتلەرنىڭ يىلتىز تارتىشى بالدۇر، ئۆسۈشى تېز بولىدۇ. شۇڭا، توم، تەمەن، نورمال ئۆسكەن قىزىلگۈل كۆچەتلىرىنى تاللاپ باغ بىنا قىلىش لازىم. ئەگەر كۆچەت يىقىن ئەتراپتا بولسا، ئۇدۇللۇق قومۇرۇپ كېلىپ ئۇدۇللۇق تىكىش، ئارىلىقى يىراق بولسا، بىراقلا يۆتكەپ كېلىپ هۆل توپا بىلەن كۆچەتنىڭ يىلتىز قىسمىنى كۆمۈپ قويۇپ، ئۇدۇللۇق ئېچىپ، ئۇدۇللۇق تىكىش لازىم.

**1) قىزىلگۈل كۆچىتىنى تىكىش مەزگىلى:** قىزىلگۈل كۆچىتىنى كۈز پەسلىدە 11- ئاينىڭ 20 — كۈنىدىن 30 — كۈنىگىچە، ئەگەر يەر توڭلاپ قالمىغان بولسا، 12 — ئاينىڭ 10 — كۈنلىرىگىچە تىكىشكە بولىدۇ. ئەتىياز پەسلىدە، 3 — ئاينىڭ 20 — كۈنىدىن 4 — ئاينىڭ 10 — كۈنىگىچە تىكىشكە بولىدۇ. كۈز پەسلىدە كۆچەتنى تىكىپ بولغاندىن كېيىن يېنىك سۇغىرىپ، 8 ~ 10 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن سىرتتىن نەم توپا يۆتكەپ كېلىپ كۆمۈلىدۇ. ئۆز ئورنىدىكى هۆل توپا بىلەن كۆمگەندە، باش باهاردا هاۋا، تۇپراق تېمپېراتۇرى-

سىنىڭ ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ كۆچەت توپا ئاستىدا تۇرۇپ سېسىپ قالىدۇ. شۇڭا، ھۆل توپا بىلەن كۆمۈشكە بولمايدۇ.

قىزىلگۈل كۆچىتى مەيلى كۈز پەسلىدە تىكىلسۇن، مەيلى ئەتىياز پەسلىدە تىكىلسۇن، بىر دەك 3 — ئاينىڭ 25 —، 30 — كۈنلىرىدىن كېيىن كۆمۈكتىن ئېچىلىدۇ، ئەگەر بۇ ئارىلىقتا باغلارغا سۇ كىرىپ كەتكەن بولسا، ئېچىپ 1 ~ 2 كۈن شامالدىتىپ قايتا قۇرۇق توپا بىلەن كۆمۈلىدۇ.

**2) قىزىلگۈل كۆچىتىنى قومۇرۇش ۋە يۆتكەش:** كۆچەتلەرنى قانداق ئۇسۇللار بىلەن قومۇرۇش ۋە يۆتكەش كۆچەتلەرنىڭ كۆكلەش نىسبىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مەسىلىدۇر. كۆچەتلەرنى قومۇرۇش ۋە يۆتكەش ئۇسۇلىغا دىققەت قىلماي يىلتىزى زەخىملەندۇرۇپ قويۇلسا، ياكى كۆچەت تېنىدە مىخانىكىلىق زەخىملىنىش يۈز بەرسە، كۆچەتنى تىكىش سۈپىتى قانچە ياخشى بولغان بىلەنمۇ كۆكلەش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. قىزىلگۈل كۆچىتىنىڭ يىلتىزى قىسقا، قومۇرۇش ئاسان. كۆكلەش نىسبىتى يۇقىرى بولسىمۇ، كۆچەت قومۇرغاندا يىلتىزنىڭ تولۇق، ساغلام بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

قومۇرغان كۆچەتلەرنى يۆتكەشتىن ئاۋۋال، زەخىملەنگەن شاخ - پۇتاقلارنى كېسىپ ئېلىۋېتىپ، ئۆلچەمگە توشمايدىغانلىرىنى شاللىۋېتىش كېرەك. كۆچەتلەرنىڭ شامالداپ قۇرۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇدۇللۇق قومۇرۇپ، ئۇدۇللۇق تىكىپ، ئېشىپ

قالغانلىرىنى ۋاقتىنچە ھۆل توپىغا كۆمۈپ قويۇش لازىم.

3) **قىزىلگۈل كۆچىتىنى تىكىپ باغ بىنا قىلىش ئۇسۇلى:** قىزىلگۈل كۆچىتى سوغۇققا چىدامسىز بولۇپ، كۆمۈپ قىشتىن چىقىرىلىدىغان بولغاچقا، قۇر بىلەن قۇر ئارىلىقىنى كەڭ قويۇپ باغ بىنا قىلىش لازىم.

قىزىلگۈل كۆچىتىنى تىكىپ باغ بىنا قىلىشتا قۇر بىلەن قۇرنىڭ ئارىلىقى بىر مېتىر، تۈپ بىلەن تۈپنىڭ ئارىلىقى 20 ~ 30 سانتىمېتىر ياكى قوش قۇر بويىچە، ئىككى قۇرنىڭ ئارىلقى 50 سانتىمېتىر، يەنە ئىككى قۇرنىڭ ئارىلىقى 1 دىن 1.20 مېتىرغىچە، تۈپ ئارىلىقى 20 — 25 سانتىمېتىرغىچە بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. كۆچەت مەيلى قايسى ئۇسۇل بىلەن تىكىلسۇن، بىر مۇ يەردە 180 — 200 تۈپ، بىر مۇ يەردە 1800 — 2000 تۈپكىچە بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. 2 ~ 3 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، كۆچەتنىڭ زىچلىقى ئېشىپ كېتىپ، بىر مو يەردە 2500 — 3000 تۈپكىچە كۆچەت ساقلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا، مۇۋاپىق زىچلىقنى ساقلاپ قېلىپ، ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن كۆچەتلەرنى باشقا يەرگە يۆتكەپ تىكىش لازىم. ئۇنداق بولمىسا، چاناش، ئوغۇتلاش، كۆمۈش ۋە ئېچىش قاتارلىق پەرۋىش ئىشلىرىغا تەسىر يېتىپ، قىزىلگۈلنىڭ مەھسۇلاتى كېمىيىپ كېتىدۇ. قىزىلگۈل كۆچەتلىرىنىڭ زىچلىقى ئېشىپ كەتسە، چالداپ قۇرۇپ قېلىش، كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلار زىيىنىغا ئۇچراش ئەھۋاللىرى كېلىپ چىقىدۇ.

## 3 . قىزىلگۈللۈك باغلارنى پەرۋىش قىلىش ۋە باشقۇرۇش

قىزىلگۈللۈك باغلاردىكى، كۆچەتلەرنىڭ تۇۋىنى بوشىتىپ ئوتىنى ئوتاش، سوغىرىش، قوشۇمچە ئوغۇتلاش، كېسەللىك ـ زىيانداش هاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش قاتارلىق پەرۋىش قىلىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. بۇ تەدبىرلەر ئارقىلىق كۆچەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش، ئېچىلىش سۈرئىتىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ. ئەگەر پەرۋىش ئىشلىرى ياخشى ئىشلىنىدىغانلا بولسا، قىزىلگۈللەرنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىپ، باغنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنى تېخىمۇ ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. قىزىلگۈلنىڭ كۆپ ياكى ئاز ئېچىلىشى، يۇقىرى ياكى تۆۋەن مەھسۇلات بېرىشى پۈتۈنلەي ئۇنىڭ پەرۋىشىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشىغا باغلىق. بۇ يىل تىكىلگەن قىزىلگۈل كۆچەتلىرى كېلەر يىلى ئېچىلىدۇ، 5 ~ 8 يىلغىچە گۈللىرى يىلدىن ـ يىلغا كۆپ ئېچىلىدۇ. ئەگەر پەرۋىش داۋاملىق ياخشى ئىشلەنسە، 10 ~ 15 يىلدىمۇ داۋاملىق ئېچىلىپ كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي قىممەت يارىتالايدۇ. ئەگەر پەرۋىش قىلماي تاشلاپ قويۇلسا، تۇۋىنى چىم، ئوت ـ چۆپ قاپلاپ 4 ~ 5 يىلدىلا نابۇت بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا، قىزىلگۈل كۆچىتى تىكىلگەن باغلارنى ياخشى پەرۋىش قىلىپ، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى يىلدىن — يىلغا ياخشىلاش كېرەك. قىزىلگۈللەرنى پەرۋىش قىلىشتا تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى يولغا قويۇش لازىم:

1) سۇغىرىش: قىزىلگۈل كۆچىتى تىكىلگەن باغ ۋە هويلا - ئارامىلارنى سۇغىرىشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئەتىيازدا قىزىلگۈل كۆچىتىنى ئاچقاندىن كېيىن، دەرھال بىر قېتىم سۇغىرىش، قىزىلگۈل ئېچىلىشتىن بۇرۇن ئۈچ قېتىم، ئېچىلىپ بولغاندىن كېيىن كۈز كىرگىچە 3 ~ 4 قېتىم، بىر يىلدا جەمئىي بەش قېتىمدىن يەتتە قېتىمغىچە سۇغىرىپ، ئۇنىڭ شاخلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

2) ئوغۇتلاش: قىزىلگۈلنىڭ ھەر يىللىق ئۆسۈش ئەھۋالى ۋە تۇپراقنىڭ قۇۋۋىتىگە ئاساسەن، ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ ئوغۇتلاش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇش لازىم. ئوغۇتلاشتا، قۇر بويىچە تاپ ئېچىپ ئوغۇتلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىش، ئېغىل قىغى بىلەن ئوغۇتلاشنى ئاساس قىلىش، ئوغۇتلىغاندىن كېيىن دەرھال سۇغىرىش كېرەك. كۆچەتلەر 4 — ئايدىن بۇرۇن بىر قېتىم ئوغۇتلانسا، شۇ يىللىق گۈللىرىنىڭ كۆپ ۋە چوڭ ئېچىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەمما، باغ بىنا قىلىپ يېتىشتۈرۈلگەن قىزىلگۈل كۆچەتلىرىنى خىمىيۋى ئوغۇتلار بىلەن كۆپ ئوغۇتلىماسلىق كېرەك.

3) تۇۋىنى يۇمشىتىش: قىزىلگۈل كۆچىتى بىلەن بىنا قىلىنغان باغلارنىڭ پەرۋىشىنى كۈچەيتىشتە، ئەڭ مۇھىمى بىر يىلدا 2 ~ 3 قېتىم تۇۋىنى چاناپ، تۇپراقنى بوشىتىپ، تۇپراق قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، گۈللەرنىڭ تۇۋىدىكى ئوت - چۆپلەرنى ئوتاپ ئېلىۋېتىپ، ھاۋا ئالمىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. قىزىلگۈلنىڭ يېشى چوڭايغانسېرى پەرۋىش

ئىشلىرىغا بولغان تەلىپى شۇنچە كۆپ بولىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، گۈللەرنى ۋاقتىدا چاناپ، تۈۋىنى يۇمشىتىپ، ئوتى ئوتاپ تۇرۇلمىسا، ئۇنىڭ ئۆمرى بارغانسېرى قىسقىرىپ كېتىدۇ ـ دە، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىمۇ تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

## 4. قىزىلگۈللەردىكى كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش

قىزىلگۈللەردە بىر قىسىم كېسەللىك ھەم زىيانداش ھاشاراتلار پەيدا بولۇپ، گۈللەرنىڭ ئۆسۈشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ ۋە ئۇنىڭ سۈپىتىنى ناچارلاشتۇرۇۋېتىدۇ. گۈل گىياھلاردا بىرقىسىم كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ پەيدا بولۇشى تۇپراق، سۇ، يورۇقلۇق، ھاۋا، تېمپېراتۇرا، ئوزۇقلۇق ماددا قاتارلىق تەبىئىي مۇھىت شارائىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، قىزىلگۈلمۇ بەزى كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ.

قىزىلگۈلدىكى كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ پەيدا بولۇش، تارقىلىش، زىيان سېلىش ئەھۋالىنى كۆزىتىپ تەتقىق قىلغاندا، تۇپراق، سۇ (نەملىك)، يورۇقلۇق، ھاۋا، تېمپېراتۇرا، ئوزۇقلۇق قاتارلىق ئامىللارنى بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىش لازىم.

تۇپراقنىڭ نەملىك دەرىجىسى نورمال، ھاۋا

ئۆتكۈزۈشچانلىقى يۇقىرى، ئوزۇقلۇق تەركىبى مول، كۆن نۇرىنىڭ چۈشۈشى تەكشى، تېمپېراتۇرىسى مۇۋاپىق بولغاندىلا، كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ زىيان سېلىشىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلغىلى، قىزىلگۈلنىڭ باراقسان ئۆسۈپ، گۈل ئېچىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئالدى بىلەن قىزىلگۈللەرنى مۇۋاپىق سۇغىرىپ، چاناپ تۇۋىنى يۇمشىتىپ ۋە ئوتىنى ئوتاش ئارقىلىق، كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ پەيدا بولۇش، تارقىلىش شارائىتىنى بۇزۇپ تاشلاش لازىم.

**1) قىزىلگۈلدە بولىدىغان كېسەللىكلەر ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش — يوقىتىش ئۇسۇلى:**

قىزىلگۈلدە ئادەتتە، قۇرۇپ قېلىش كېسەللىكى ۋە دات كېسەللىكىدىن ئىبارەت ئىككى خىل كېسەللىك كۆپرەك يۈز بېرىدۇ.

(1) قۇرۇپ قېلىش كېسەللىكى. بۇ يىلتىز چىرىش كېسەللىكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ كېسەللىكنى كۆپىنچە كېسەللىك باكتېرىيىسى پەيدا قىلىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ھەر تەرەپتىكى ئامىللارنىڭ تەسىرىدىنمۇ پەيدا بولىدۇ. بۇ كېسەللىك كۆپ ھاللاردا قەلەمچىدىن ئۆسكەن يۇمران كۆچەتلەردە، ئادەتتىكى ئەھۋالدا 3 ~ 4 يىللىقتىن يۇقىرى بولغان قىزىلگۈل كۆچەتلىرىدە پەيدا بولىدۇ. كېسەللەنگەن تۇپتە سارغۇچ داغلار پەيدا بولىدۇ.

ئالدىنى ئېلىش — يۇقىتىش ئۇسۇللىرى

بىرىنچى، گۈلنىڭ تۇۋىنى يۇمشىتىپ نەملىكنى قاچۇرۇش كېرەك.

ئىككىنچى، كېسەللىك تەگكەن تۇپلەرنى يۇلۇپ كۆيدۈرۈۋېتىش كېرەك. قۇرۇپ قېلىش كېسەللىكى يەنە كۆپ ھاللاردا قىزىلگۈللەرنى قىشتا كۆممەسلىك، كۆمگەندىمۇ نەم توپا بىلەن كۆممەي، ھۆل ياكى قۇرۇق توپا بىلەن كۆمۈش، نېپىز كۆمۈش، ئەتىيازدا بالدۇر ئېچىۋېتىش قاتارلىق سەۋەبلەردىنمۇ يۈز بېرىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ يىلتىزى ئۇششۇپ كەتمىسىلا ئەتىيازدا قايتىدىن كۆكلەپ چىقىدۇ. لېكىن، شۇ يىلى گۈل ئېچىلمايدۇ.

(2) سېرىق دات كېسەللىكى: بۇ كېسەللىك قىزىلگۈل، بولۇپمۇ قىزىلگۈلنىڭ يۇمران كۆچەتلىرىدە كۆپرەك يۈز بېرىدۇ. قىزىلگۈلنىڭ غول - يوپۇرماقلىرىدا تۆمۈرنىڭ دېتىغا ئوخشايدىغان سېرىق پاراشوكسىمان نەرسىلەر پەيدا بولۇپ، كۆچەتنىڭ ئۆسۈشىگە ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزىدۇ. كېسەللىك يېنىك بولغاندا كۆچەتنىڭ ماددا ئالمىشىشىنى ناچارلاشتۇرۇپ گۈل ئېچىلدۇرمايدۇ، ئېغىر بولغاندا پۈتۈن تۈپى بىلەن نابۇت قىلىۋېتىدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ تارقىلىشى تېز، زىيان سېلىشى ئېغىر بولۇپ، يوقىتىش قىيىن.

بۇ كېسەللىك تۇپراقنىڭ نەملىكى ئۆزۈن مۇددەت ئېشىپ كەتكەنلىكتىن، كۆچەتلەرنىڭ زىچلىقىنى تۈپەيلىدىن، ھاۋا ئالمىشىشىنىڭ ناچارلىقىدىن، ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۇدا تۆۋەنلەپ كېتىش سەۋەبىدىن، كۈن نۇرىنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىدىن پەيدا بولىدۇ.

ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇللىرى

بىرىنچى، چوڭقۇر چاناپ تۇۋىنى يۇمشىتىش

ئارقىلىق تۇپراقنىڭ نەملىكىنى قاچۇرۇپ، بىر مەزگىل سۇغىرىشنى توختىتىش كېرەك.

ئىككىنچى، كېسەللىك تەگكەن تۇپلەرنى كېسىپ ئېلىۋېتىپ، كۆچەتلەرنىڭ زىچلىق دەرىجىسىنى شالاڭلىتىش كېرەك. بۇ ئارقىلىق ھاۋا ئۆتۈشىدىغان، كۈن نۇرى يېتەرلىك چۈشىدىغان شارائىت ھازىرلاش لازىم.

ئۈچىنچى، كېسەللىك يۈزبەرگەن دائىرە ئىچىدىكى كۆچەتلەرگە ھاك — گۈڭگۈرت ئېرىتمىسى چېچىش ياكى دەرەخ ئوت — چۆپ كۈلىنى ئەلگەكتە تاسقاپ سەھەردە چېچىش (قۇرۇق) ئارقىلىق كېسەللىكنى يوقىتىش كېرەك.

تۆتىنچى، يۇقىرىقىدەك تەدبىرلەرنى قوللىنىپمۇ كېسەللىكنى يوقاتقىلى بولمىسا، تۇۋىدىن كېسىپ غول - يوپۇرماقلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىش ياكى چوڭقۇر ئورا كولاپ كۆمۈۋېتىش كېرەك.

**2) قىزىلگۈلگە زىيان سالىدىغان ھاشاراتلار ۋە ئۇلارنى يوقىتىش ئۇسۇلى:** قىزىلگۈل كۆچەتلىرىگە قىزىل ئۆمۈچۈك، كۆكپىت، قاسىراقلىق قۇرت، ئالا قورت (ئۆرۈك تۈكلۈك قۇرت) قاتارلىق زىيانداش ھاشاراتلار كۆپرەك زىيان سالىدۇ.

(1) قىزىل ئۆمۈچۈك: قىزىل ئۆمۈچۈك ئاشلىق زىرائەتلىرى، ئىقتىسادىي زىرائەت ۋە مېۋىلىك دەرەخلەرگە زىيان سالغاندىن باشقا، گۈل — گىياھلارغىمۇ ئېغىر دەرىجىدە زىيان سالىدىغان ئاساسلىق زىيانداش ھاشارتلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ تېنى ناھايىتى كىچىك، رەڭگى

قىزىل بولۇپ، ئاپتى ناھايىتى ئېغىر.

قىزىل ئۆمۈچۈك شورىغۇچى ئېغىز ئاپپاراتىنى يوپۇرماققا سانجىپ يوپۇرماقنىڭ شىرنىسىنى سۈمۈرۈۋېلىپ، يوپۇرماق رەڭگىنى سارغايتىۋېتىدۇ. ھەتتا، گۈللەرگە تور تارتىپ يوپۇرماقلىرىنى بىر - بىرىگە گىرەلەشتۈرۈش ئارقىلىق، تور ئۈستىدە ھەرىكەت قىلىپ، گۈللەرنىڭ يۇمران غول - يوپۇرماقلىرىدىكى شىرنىلەرنى سۈمۈرۈۋالىدۇ، نەتىجىدە، گۈللەرنىڭ يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ قورۇلۇپ قالىدۇ ياكى تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. قىزىل ئۆمۈچۈك ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەپ كەتكەن قۇرغاق شارائىتتا پەيدا بولۇپ، زىيان سېلىشنى جىددىيلەشتۈرىدۇ، ئەگەر مۇشۇ مەزگىلدە يامغۇر ياغسا، يامغۇرنىڭ ياردىمى بىلەن يوقاتقىلى بولىدۇ.

ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇللىرى

بىرىنچى، ھاۋا ئىسسىپ كەتكەن مەزگىلدە گۈللەرنىڭ يوپۇرمىقىغا دورا چېچىش ماشىنىلىرى بىلەن سۇ چېچىپ قىزىل ئۆمۈچۈكنىڭ تورلىرىنى بۇزۇپ تاشلاش لازىم.

ئىككىنچى، 1500 ~ 2000 ھەسسە سۇ قوشۇلغان روگۇر ئېرىتمىسىنى ۋە 1500 ~ 2000 ھەسسە سۇ قوشۇلغان DDV (ددۋ) نى گۈللەرنىڭ يوپۇرمىقىغا پۈركۈش ئارقىلىق يوقىتىش لازىم.

ئۈچىنچى، لازا، كۆك تاماكا، ئىنەكپىتى، (ئابدىمىلىك) شاپتۇل قاتارلىقلارنىڭ ھۆل يوپۇرمىقىنى سۇغا پىياز بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سوقۇپ، ئۇنىڭغا مەلۇم نىسبەتتە سۇ ئارىلاشتۇرۇپ چېچىش كېرەك.

(2) كۆكپىت: كۆكپىت ـ ئاشلىق ۋە ئىقتىسادىي زىرائەت، مېۋىلىك دەرەخ، شۇنداقلا گۈل ـ گىياھلارغا زىيان سالىدىغان كىچىك تەنلىك ھاشارات بولۇپ، ئۇنىڭ تۈرى كۆپ، تارقىلىشى كەڭ، زىيىنى ناھايىتى ئېغىر. ئۇ ھەرخىل گۈل ـ گىياھلارغىمۇ ئومۇميۈزلۈك زىيان سالىدۇ.

كۆكپىت ـ گۈللەرنىڭ يۇمران غول ـ يوپۇرماقلىرىدىكى سۇ ۋە ئوزۇقلۇق ماددىلارنى سۈمۈرۈۋېلىپ، گۈللەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئېغىر ھالدا توسقۇنلۇققا ئۇچرىتىدۇ. كۆكپىت چۈشكەن گۈللەرنىڭ ئالدى بىلەن يوپۇرمىقى سارغىيىپ، پەيدىنپەي غولى قۇرۇشقا باشلايدۇ.

ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇللىرى

بىرىنچى، 1500 ~ 2000 ھەسسە سۇ قوشۇلغان «DDV» (ددۋ) ئېرىتمىسى ياكى 1000 ~ 2000 ھەسسە سۇ قوشۇلغان روگور ئېرىتمىسىنى چېچىش لازىم.

ئىككىنچى، تۆۋەندىكى دېھقانچىلىق دورىلىرىنى مەسىلەن، 25٪ لىك ئاكارون، 40٪ لىك روگور، 50٪ لىك مالاتىئون، 50٪ لىك ئىرتىئون، 75٪ لىك فوكسىم قاتارلىقلارنىڭ 1000 ~ 1500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى گۈللەرنىڭ يوپۇرماقلىرىغا پۈركۈسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، سامساق، سۇكپىياز، لازا، تاماكا، سۆگەت گۈلى، ئىنەكپىتى، شاپتۇل قاتارلىقلارنىڭ يوپۇرماقلىرىنى ئېزىپ سۈيىنى چىقارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق نىسبەتتە سۇ قوشۇپ چاچسا كۆكپىتنى

ئۇنۇملۇك يوقاتقىلى بولىدۇ.
(3) قاسىراقلىق قۇرت: قاسىراقلىق قۇرت - كۆپىنچە گۇل - گىياھلارغا ئېغىر دەرىجىدە زىيان سالىدۇ. ئۇنىڭ تۇرى ناھايىتى كۆپ، زىيان سېلىشىمۇ ئېغىر. ئەمما، قىزىلگۇلگە زىيان سالىدىغىنى 2 ~ 3 تۇردىن كۆپ ئەمەس.
قاسىراقلىق قۇرت تېنىدىن شىلىمشىق ماددىلارنى چىقىرىپ، گۇل يوپۇرماقلىرىنىڭ نەپەسلىنىش تۆشۈكىنى توسالغۇغا ئۇچرىتىپ فوتوسىنتېز رولىغا تەسىر يەتكۇزىدۇ. بەزىلىرى گۇللەرنىڭ غول - يوپۇرماقلىرىغا قادىلىپ شورىغۇچى ئېغىز ئاپپاراتى ئارقىلىق گۇللەرنىڭ تېنىدىكى سۇ ۋە ئوزۇقلۇق ماددىلارنى سۈمۈرۈۋالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن گۇللەرنىڭ فىزىئولوگىيىلىك پائالىيەتلىرى تەسىرگە ئۇچراپ، ئۆسۈشتىن توختايدۇ. گۇللەرنىڭ بۇ ھاشاراتنىڭ زىيىنىغا ئۇچراش دەرىجىسىنىڭ ئېغىر—يېنىك بولۇشى ئالدى بىلەن يوپۇرماقتا كۆرۈلىدۇ، كېيىن گۇللەرنىڭ غول قىسمىدىمۇ روشەن ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭغا قاراپ گۇللەردە قاسىراقلىق قۇرت پەيدا بولغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.
قاسىراقلىق قۇرتنى يوقىتىشتا ئادەتتىكى خىمىيىلىك دورىلار كۆپايە قىلمايدۇ. مۇھىمى ئۇنىڭغا زەھەرلەشچانلىقى «DDV» دىن يۇقىرى «1059» دەك دورىلارنى ئىشلىتىپ يوقىتىشتا توغرا كېلىدۇ، لېكىن بۇ خىل دورىلارنى ئىشلەتكەندە سۇ، مۇھىت ئېغىر ھالدا بۇلغىنىپ، كىشىلەرنىڭ ھاياتى ۋە ساغلاملىقىغا تەسىر يېتىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن، تۆۋەندىكى ئۇسۇللار ئارقىلىق

قاسىراقلىق قۇرتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش كېرەك:

بىرىنچى، قىزىلگۈللۈك باغ بىنا قىلىش ئۈچۈن، كۆچەت تەييارلاش خىزمىتىنى ئىشلىگەندە، كۆچەتلەردە قاسىراقلىق قۇرتىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى قاتتىق تەكشۈرۈش لازىم. شۇنداقلا، قىزىلگۈل كۆچەتلىرىنى كارانتىن قىلىشتىن ئۆتكۈزۈپ ئاندىن باغ بىنا قىلىش لازىم.

ئىككىنچى، گۈللەر تىنچلىنىش مەزگىلىدە ياكى ئەتىياز پەسلىدە 5 گرادۇسلۇق هاك ـ گۈڭگۈرت بىرىكمىسىنى ياكى 6% ـ 5 لىك كوكۇس مېيى ئېمۇلسىيىسىنى پۈركۈش كېرەك.

ئۈچىنچى، ئەتىيازدا گۈللەر يوپۇرماق چىقىرىپ ئۆسۈۋاتقاندا، گۈللەرنىڭ يىلتىزىنى ئېچىپ، 0.1 ~ 0.5 بائومىلىق هاك ـ گۈڭگۈرت بىرىكمىسى بىلەن ئوغۇتلاپ، دەرهال سۇغىرىش لازىم ياكى 4 — 5 ئايلاردا قىزىلگۈلنىڭ تۈۋىدىن چۇنەك ئېچىپ، 3%لىك فورادانىنىڭ مىكرو دانچىسىمان دورىسىنى كۆمگەندە ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. هەربىر فۇڭ يەردىكى گۈللەرگە بىر كىلوگرام ئەتراپىدا دورا كۆمۈلسە بولىدۇ.

(4) ئالا قۇرت: ئالا قۇرت ئەسلىدە ئۆرۈككە زىيان سالىدىغان بىرخىل زىيانداش هاشارات بولۇپ، ئۇ 1990 ـ يىللاردىن بۇيان زىيان سېلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، شاپتۇل، ئالما، نەشپۈت، جىگدە، ئانار، چىلان، تېرەك، ئەتىرگۈل ۋە قىزىلگۈل قاتارلىق دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياهلارنى زىيانغا ئۇچراتماقتا. ئۇ مېۋىلىك باغ ۋە هويلا ـ ئارامگاهلارنىڭ ئەتراپىغا تىكىلگەن

قىزىلگۈللەرنىڭ يوپۇرمىقىنى يەپ، غۇنچىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ گۈللەرنىڭ ئۆسۈشىگە، قىزىلگۈلنىڭ مەھسۇلاتىغا تەسىريەتكۈزمەكتە. ئالا قۇرتنىڭ خوتەن رايونىدا تارقىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، كۆپىيىشى ئاسان، زىيان سېلىشى ناھايىتى ئېغىربولۇپ، ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىشمۇ قىيىن بولماقتا.

ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇللىرى

بىرىنچى، ئەمگەك كۈچلىرىنى تەشكىللەپ، قىش پەسلىدىكى تۆۋەن تېمپېراتۇرىدىن پايدىلىنىپ، دەرەخ ئۈستىدىكى تورلىرىنى بۇزۇپ تاشلاش، يىغىپ كۆيدۈرۈش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق يوقىتىش لازىم.

ئىككىنچى، ياز پەسلىدە كېپىنەكلىرىنى ئالداپ يوقىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، كۆپىيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

ئۈچىنچى، ئەتىياز پەسلىدە ئۆرۈك چېچەكلەشتىن بۇرۇن ۋە ئۆرۈك چېچەكلەپ بولغاندىن كېيىن، خىمىيىلىك دورىلاردىن «DDV»، مالاتىئون، ئاكارون، فوكسىم قاتارلىق دورىلارنى 600 — 800 ھەسسىگىچە سۇيۇلدۇرۇپ چېچىش ئارقىلىق يوقىتىش كېرەك.

تۆتىنچى، قىزىلگۈلنى ئالاقۇرتنىڭ زىيىنىدىن ساقلاش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆرۈك، ئالما قاتارلىق دەرەخلەردىكى ئالا قۇرتنى دورا چېچىپ يوقىتىش لازىم. دورا چاچقاندىن كېيىن زەھەرلىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، دەرەخ تۈۋىگە چۈشكەن ھاشاراتلارنى دەرھال يىغىپ كۆيدۈرۈۋېتىش ياكى ئورا كولاپ كۆمۈۋېتىش كېرەك.

# 5. قىزىلگۈل كۆچەتلىرىنى قىشتىن ئۆتكۈزۈش

قىزىلگۈل جەنۇبىي شىنجاڭدا كۈز پەسلىدە كۆمۈش ئارقىلىق قىشتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. شىمالىي شىنجاڭدا بولسا، قار كۆپ ياغقاچقا كۆمۈلمەيدۇ. ئەگەر، قىشتا كۆمۈلمەيدىغان ياكى كۆمۈش مەزگىلى ياخشى ئىگىلەنمەيدىغان بولسا، سوغۇقتىن ئۈششۈپ پۈتۈنلەي قۇرۇپ قالىدۇ. شۇڭا، كۆمۈش مەزگىلىنى ياخشى ئىگىلەش كېرەك.

**1) قىزىلگۈلنى كۆمۈش مەزگىلى:** قىزىلگۈل جەنۇبىي شىنجاڭدا 11 — ئاينىڭ 20 — كۈنلىرىدىن 12 — ئاينىڭ 10 — كۈنلىرىگىچە بولغان ئارىلىقتا كۆمۈلىدۇ. ئەگەر كۆمۈش مەزگىلى بۇنىڭدىن كېيىن قالسا، يەر توڭلاپ كىتىپ كۆمۈشكە قىيىنچىلىق تۇغۇلىدۇ. قىزىلگۈلنى كۆمۈشتىن ئىلگىرى (يەنە 10 — ئايلاردا) بىر قېتىم سۇغىرىش لازىم. بۇ بىر تەرەپتىن ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق سۇغىرىش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن كۆمۈشكە ۋە گۈللەرنىڭ كېلەر يىلى كۆپرەك ئېچىلىشىغا پايدىلىق. قىزىلگۈلنى كۆمۈش ۋاقتىدا، قۇرۇپ كەتكەن، كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقىغا ئۇچرىغان ياكى زەخىملەنگەن تۈپلەرنى كېسىپ ئېلىۋېتىش لازىم.

**2) قىزىلگۈلنى كۆمۈش ئۇسۇلى:** قىزىلگۈل يورۇقپەرەس چاتقال ئۆسۈملۈك بولغاچقا، كۆمۈشتە

شاخلىرىنى جەنۇبقا قارىتىپ كۆمۈش لازىم. چۈنكى، ئۇ چاتقال، شاخلىرى كۆپ، تىكەنلىك ئۆسۈملۈك بولغاچقا، كۆمۈشتە قول بىلەن باستۇرۇش ئەپسىز، شۇڭا، قىزىلگۈل كۆلىمىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ ئادەمنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم. قىزىلگۈلنى بەك ھۆل توپا بىلەن ياكى قۇرۇق توپا بىلەن كۆمۈشكە بولمايدۇ. بەك ھۆل توپا بىلەن كۆمۈلسە، قىشتا شاخلىرى قارىداپ، ئەتىيازدا كۆمۈكتىن ئاچقاندا شامال تېگىشى بىلەنلا تېز قۇرۇپ كېتىدۇ. ئەگەر قۇرۇق توپا بىلەن كۆمۈلسە، شاخلارنىڭ تېنىدىكى سۇنى قۇرۇق توپا سۈمۈرۈۋالىدۇ - دە، بۇنىڭ بىلەن گۈل شاخلىرى سۇسىزلىنىپ، ئەتىياز پەسلىدىكى شامالدا قۇرۇپ قالىدۇ. شۇڭا، قىزىلگۈلنى كۆمگەندە نەم توپا بىلەن كۆمۈش لازىم.

3) **مۇھاپىزەت قىلىشنى كۈچەيتىش:** قىزىلگۈل كۆمۈلگەندىن كېيىن، مۇھاپىزەت قىلىشنى كۈچەيتىش لازىم. ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ دەسسەپ توپىنى چۇشۇرۇۋېتىشىدىن، شاخلارنى زەخىملەندۇرۇپ قويۇشىدىن ۋە ئوچۇق قېلىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. ئەگەر بۇنداق ئەھۋاللار كۆرۈلگەن بولسا، ئېچىلىپ قالغان شاخلارنى ۋاقتىدا كۆمۈپ، ئۇششۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. قىزىلگۈل قىشتا كۆمۈلگەن مەزگىلدە، سۇغىرىشقا بولمايدۇ. ئەگەر، پەۋقۇلئاددە سۇ كىرىپ كەتكەن بولسا، ۋاقتىدا ئېچىپ سىرتتىن توپا يۆتكەپ كېلىپ قايتىدىن كۆمۈش كېرەك.

## 6. قىزىلگۈل كۆچەتلىرىنى كۆمۈكتىن ئېچىش

قىزىلگۈلنى ئېچىش مەزگىلى شۇ جاينىڭ هاۋا تېمپېراتۇرىسىغا قاراپ بەلگىلەنسە بولىدۇ. ئېچىش مەزگىلىنى ئىگىلەش خۇددى كۆمۈش مەزگىلىنى ئىگىلىگەنگە ئوخشاش مۇهىم. ئەگەر بالدۇر ئېچىۋېتىلسە، ئەتىيازدىكى سوغۇق شامالدا شاخلىرى ئاسانلا ئۈششۈپ كېتىدۇ. ئەگەر كېيىن ئېچىلسا، بىخ چىقىرىش كېچىكىپ كېتىدۇ — دە، شۇ يىللىق گۈللىرى ئاز ئېچىلىپ قالىدۇ.

1) قىزىلگۈلنى ئېچىش مەزگىلى: قىزىلگۈل ئادەتتە، 3 — ئاينىڭ 20 — كۈنلىرى بىلەن ئەڭ كېچىككەندە 4 — ئاينىڭ 10 — كۈنلىرى ئارىلىقىدا كۆمۈكتىن ئېچىلسا مۇۋاپىق بولىدۇ. ئەگەر تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولسا 3 — ئاينىڭ 10 — 15 — كۈنلىرى ئاچسىمۇ بولىدۇ. تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ سوغۇق هاۋا ئېقىمى كىرسە ياكى بوران چىقىش، هۆل - يېغىن يېغىش ئېھتىمالى بولسا، تېمپېراتۇرا مۇقىملىشىپ هاۋا ئېچىلغاندىن كېيىن ئېچىش لازىم.

ئالدىنقى يىلى كۈزدە ياكى بۇ يىل ئەتىيازدا كۆچۈرۈپ تىككەن قىزىلگۈل كۆچەتلىرى بىردەك 5 — ئاينىڭ 15 — 20 - كۈنلىرىدىن كېيىن ئېچىلسا كۆكلەش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ.

2) قىزىلگۈلنى ئېچىش ئۇسۇلى: قىزىلگۈلنى ئاچقاندا، ئېھتىياتچان بولۇش، ئېچىش ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىش، شاخلارنىڭ زىيان — زەخمەتكە ئۇچرىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. كۆپ يىللىق تۈپلەرنى ئېچىش ۋاقتىدا تۈپىسىنى ئاستا - ئاستا سىيرىپ چۇشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن بىراقلا ئېچىش كېرەك. ئېچىش كۆمۈشكە قارىغاندا مۇرەككەپ ھەم جاپالىق ئىش بولۇپ، قول بىلەن ئېچىش ئەپسىز بولغانلىقتىن، كەتمەن بىلەن ئېچىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، كۆچەتلەرنى ياخشى ئاسراش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئازگاللارنى تەكشى تىندۇرۇپ تۈزلەش كېرەك.

# تۆتىنچى باب
# قىزىلگۈلنى پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسى

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ۋە دورىگەرلىكى ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن باشلانغان. ئۇيغۇر خەلقى ئەنە شۇنداق ئۇزاق زامانلار داۋامىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش پائالىيەتلىرى ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل تېبابىتى ۋە دورىگەرلىكىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇلار تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەرنى خېلى بۇرۇنلا ئەتراپلىق كۆزىتىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، بۇ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شەكلى، رەڭگى، تەركىبى، تەمى ۋە پۇرىقى قاتارلىقلارنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ھەر خىل شىپالىق خۇسۇسىيەتلىرىنى يەكۈنلەپ چىققان ۋە داۋالاش ئىشلىرىدا ئىشلەتكەن.

بۈگۈنكى كۈندە ئەۋلادلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆسۈملۈك دورىلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، ئىشلىتىش تېخنىكىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بۇ دورىلار بىلەن كېسەل داۋالاش ئىشلىرىنى داۋام قىلدۇرماقتا.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا ياسالغان مۇراببا شەربەتلىرى تۈرىنىڭ كۆپلۈكى، ئۇزۇقلۇق قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى، تەبىئىتىنىڭ ھەر خىللىقى، شىپالىق رولىنىڭ ياخشىلىقى بىلەن ئۆزگىچە مىللىي ئالاھىدىلىككە

ئىگە. شۇڭا، بۇ بابتا قىزىلگۈلدىن تەييارلىنىدىغان گۈلقەنت، مۇراببا، شەربەت قاتارلىقلارنىڭ قانداق ئۇسۇلدا ياسىلىدىغانلىقى ۋە قانچىلىك مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

## 1. قىزىلگۈلنى ئۈزۈش ۋە خىللاش

گۈل ئۈزۈش — گۈلنىڭ بەرگىلىرىنى يىغىپ تەييارلاشتىكى تۇنجى مەشغۇلات بولۇپ، ئۇ، بىر قەدەر مۇرەككەپ ۋە جاپالىق بىر ئىش، قىزىلگۈلنىڭ گۈلى ئادەتتە، بەرگىسى بىلەن ئۈزۈش ياكى خەمىكنى قالدۇرۇپ گۈل بەرگىلىرىنى پۈتۈنلەي يىغىۋېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق يىغىۋېلىنىدۇ. قىزىلگۈللۈك باغلارنىڭ كۆلىمى بىر قەدەر كەڭ، ئېچىلغان گۈللەرنىڭ سانى كۆپ بولسا، گۈل ئۈزۈشكە كېتىدىغان ئەمگەك كۈچىمۇ كۆپرەك ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئەگەر، گۈللۈكنىڭ كۆلىمى كىچىك، تارقاق، ئېچىلغان گۈلنىڭ سانى ئاز بولسا، ئەمگەك كۈچىمۇ كۆپ كەتمەيدۇ.

قىزىلگۈل ئۆسۈملۈكى تىكەنلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەك زىچ ئۆستۈرۈلىدىغان بولغاچقا، گۈللەرنى ئۈزۈپ يىغىۋېلىش ئاسانغا چۈشمەيدۇ.

ئۇنداق بولسا گۈللەرنى قايسى ۋاقىتتا، قانداق ئۇسۇل بىلەن ئۈزۈپ يىغىۋېلىش كېرەك؟

1) قىزىلگۈللۈكنىڭ كۆلىمى بىر قەدەر كەڭ، ئېچىلغان گۈلنىڭ سانى كۆپرەك بولسا، ئۇنى ھەركۈنى بىر ياقتىن ئۈزۈپ يىغىۋېلىش كېرەك. قىزىلگۈللۈكنىڭ

كۆلىمى ئاز، ھويلا ـ ئارام، باغچىلاردا تارقاق ئۆستۈرۈلگەن بولسا، 2 — 3 كۈندە بىر قېتىم ئۇزۇپ يىغىۋېلىش لازىم. لېكىن، ئۈزۈپ يىغىۋېلىش ۋاقتى ئەڭ كېچىككەندە، ئۈچ كۈندىن ئېشىپ كەتمەسلىك لازىم. ئەگەر بوران چىقىش ئېھتىمالى بولسا، بالدۇرراق يىغىۋالغان ياخشى. يامغۇر ياغقان مەزگىللەردە گۈللەرنى ئۈزمەسلىك كېرەك.

2) قىزىلگۈلنى قول بىلەن ئۈزمەستىن، قايچا بىلەن ئۈزۈپ يىغىۋېلىش لازىم. بۇنداق قىلغاندا، قولنىڭ زەخىملىنىشىنى ئازايتقىلى، گۈل بەرگىلىرىنىڭ سىلىكىنىش جەريانىدا توزۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى گۈل ئۈزۈش سۈرئىتىمۇ تېز بولىدۇ.

3) گۈلنىڭ گۈل بەرگىلىرى تولۇق ئېچىلغانلىرىنى يىغىۋېلىپ، يېرىم (چالا) ئېچىلغانلىرىنى ئۈزمەسلىك، ئېچىلمىغان غۇنچىلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەسلىك لازىم.

4) گۈلنى ئەڭ ياخشىسى سەھەردە ئۈزۈش لازىم. چۈنكى، گۈل يېڭى ئېچىلغان چاغدا ۋەزنى ئېغىر، رەڭگى چىرايلىق، پۇرىقى ئۆتكۈر، دورىلىق قىممىتى يۇقىرى بولىدۇ. كۈن چىقىپ ھاۋا ئىسسىغاندا، گۈل تەركىبىدىكى خۇش پۇراقلىق ئۇچۇچان مايلار ئىسسىقلىق ۋە نەملىكنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تېز پارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ ـ دە، ئوزۇقلۇق تەركىبى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

5) ئۈزۈلگەن گۈللەرنى بىر ياقتىن سېۋەت، غەلۋىر، داس قاتارلىقلارغا قاچىلاپ ئۇدۇللۇق ئۆيگە

ئەكىرىپ تۆكۈش لازىم. ئاپتاپقا يايماسلىق كېرەك.

6) گۈل بەرگىلىرىگە يوپۇرماق، ئەخلەت قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش لازىم.

7) گۈللەرنى ئائىلىدە ئۆزى ئىشلەتمەي سېتىشقا توغرا كەلسە، شۇ كۈنى ئۈزۈلگەن گۈللەرنى شۇ كۈنى بازارغا ئەكىرىپ بىر تەرەپ قىلىۋېتىش كېرەك ياكى هاراق زاۋۇتى، مىللىي شىپاخانا ۋە تېۋىپلارغا بېرىش لازىم.

گۈل خىللاش ـ گۈللەر ئۈزۈۋېلىنغاندىن كېيىن دەرهال ئېلىپ بېرىلىدىغان مەشغۇلات بولۇپ، بۇ ئىش ئىنتايىن ئەستايىدىللىق ۋە ئىنچىكىلىكنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئىش ياخشى، تەلەپ بويىچە ئىشلەنمەيدىكەن، كېيىنكى مەهسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يېتىدۇ.

1) گۈل ئۈزۈۋېلىنغاندىن كېيىن، كېسەللەنگەن، هاشارات زىيىنىغا ئۇچرىغان سۈپەتسىز گۈللەر شاللاپ چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن، قالغان گۈللەرنىڭ گۈل بەرگىلىرى گۈل خەمىكىدىن بىر ـ بىرلەپ پۈتىۋېلىنىدۇ. گۈلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سېرىق چېچەكلىرى ۋە گۈل خەمەكلىرى ئايرىم ـ ئايرىم يىغىپ ساقلىنىدۇ.

2) گۈل بەرگىلىرىنى پۈتىغاندا، يوپۇرماق، گۈل خەمىكى ۋە باشقا ئارىلاشما نەسىلەر ئارىلىشىپ قالماسلىق، ئۇنى پاك ـ پاكىز ئادالاپ چىقىرىۋېتىش لازىم.

3) گۈل بەرگىلىرى پۈتىلىپ تەييارلانغاندىن كېيىن، ۋاقتىنچە ئىشلىتىلمىسە، سايە يەرگە قېلىنراق يېيىپ، ئۈستىنى رەخ بىلەن يېپىپ قويۇش لازىم.

## 2. قىزىلگۈلنى قۇرۇتۇش ۋە ساقلاش

ھۆل قىزىلگۈلنىڭ گۈل بەرگىلىرى پۈتىلىپ ئادالانغاندىن كېيىن، دەرھال پىششىقلاپ ئىشلەشكە مۇمكىن بولمىسا، قۇرۇتۇپ ساقلاش لازىم.

1) ۋاقتىنچە ئىشلىتىلمەيدىغان گۈل بەرگىلىرى تېگى قۇرۇق، ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان سالقىن يەرگە رەخ ياكى ئەدىيال، بورا قاتارلىقلارنى سالغاندىن كېيىن، نېپىز يېيىپ قۇرۇتۇش لازىم. گۈللەر تەكشى قۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، چىپتا ياكى رەخ خالتىلارغا قاچىلاپ پاكىز جايدا ساقلاش كېرەك. خىمىيىۋى ئوغۇت، سېمونت خالتىلىرى ۋە باشقا سۇلياۋ خالتىلارغا قاچىلاپ ساقلاشقا بولمايدۇ.

2) گۈل بەرگىلىرىنى قۇرۇتۇپ ساقلاش داۋامىدا، چاشقان، ھاشارات قاتارلىقلارنىڭ زىيان سېلىشىدىن ۋە ئۇنى بۇلغاپ قويۇشىدىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك.

3) ئەگەر قۇرۇتۇلغان گۈل بەرگىلىرىگە يامغۇر ئۆتۈپ كەتسە ياكى ئۇ نەم تارتىپ قالسا، دەرھال يېيىپ قۇرۇتقاندىن كېيىن، قايتا قاچىلاپ ساقلاش لازىم.

4) قىزىلگۈلنىڭ قۇرۇتۇلغان گۈل بەرگىلىرىنىڭ دورىلىق قىممىتى، ھۆل گۈل بەرگىلىرىگە قارىغاندا تۆۋەنرەك بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنى ئىككى ئايدىن ئارتۇق ساقلاشقا بولمايدۇ. ئەھۋالغا قاراپ ۋاقتىدا گۈلقەنت، شەربەت تەييارلاشقا ئىشلىتىۋېتىش لازىم.

5) قىزىلگۈلنىڭ قۇرۇپ قالغان ياغىچى، خەمىكى، ئۇرۇقى، چېچەكى ۋە قۇرۇق گۈل بەرگىلىرىنى ئايرىم -

ئايرىم قاچىلاپ، دورىغا ئىشلىتىشكە ساقلاپ قويۇش لازىم. بۇلار ئۆز ئالدىغا مەلۇم دورىلىق خوسۇسىيەتلەرگە ئىگە. بولۇپمۇ، قىزىلگۇلنىڭ خەمىكى، ئۇرۇقى، چېچەكنى باشقا ئۆسۈملۈك دورىلىرىغا ئارىلاشتۇرۇپ دورا ياساپ، تۈرلۈك كېسەللىكلەرنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

## 3. قىزىلگۇل گۇلقەنتى تەييارلاش

گۇلقەنتلەرنى ھەر خىل ئۇسۇلدا تەييارلاشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ خۇرۇچلىرى قىزىلگۇل بەرگىلىرى، شېكەر ياكى ھەسەلدىن تەركىب تاپىدۇ. تۆۋەندە گۇلقەنت تەييارلاشنىڭ ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرىمىز:

**بىرىنچى خىل ئۇسۇل:** ھۆل قىزىلگۇل بەرگىلىرىدىن بىر كىلوگرام، شېكەردىن ئۈچ كىلوگرام تەييارلىنىدۇ.

يېڭى ئۈزۈلگەن قىزىلگۇلنىڭ بەرگىلىرىنى پاكىز ئادالاپ، ئۇنىڭ ئاقىرىپ كەتكەن قاناتلىرىنى قايچا بىلەن كېسىپ ئېلىۋېتىپ، ئۆتكەمدە تاسقاپ، ئۆز ۋاقتىدا گۇل ئېزىش ماشىنىسىغا سېلىپ يۇمشاق ئېزىمىز. ماشىنا بولمىسا، ياغاچ كاساڭغا ئاز - ئازدىن سېلىپ يۇمىلاق تاش بىلەن سوقۇپ ئېزىمىز ياكى گۇلنى قايچا بىلەن توغراپ قول بىلەن ئۇۋۇلاپ قىيما ھالىتىگە كەلتۈرىمىز. ئۇنىڭدىن كېيىن ئېزىلگەن بىر كىلوگرام گۇلگە ئۈچ كىلوگرام سوقۇپ تەييارلانغان ئاق شېكەرنى تەكشى ئارىلاشتۇرىمىز. بۇنى مىكروبسىزلاندۇرۇلغان قۇرۇق ئەينەك شېشە، كورا، كوزا قاتارلىقلارغا قاچىلاپ ئاغزىنى

هەم ئىتىپ، 40 ـ 50 كۈن ئاپتاپتا تۇرغۇزۇپ پىشۇرىمىز. ئاپتاپتا تۇرغۇزغان مەزگىلدە 2~ 3 كۈندە بىر قېتىم ئارىلاشتۇرۇپ تۇرىمىز. گۈلقەنت ياخشى پىشقاندىن كېيىن ئىستېمال قىلىنسا، شىپالىق ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. ئەگەر قېتىپ قالسا، قىيام قوشۇپ سۇيۇلدۇرۇپ ئىستېمال قىلىش لازىم.

تەبىئىتى: سوغۇق.

ئىشلىتىلىش مىقدارى: چوڭ كىشىلەر ھەر كۈنى ئىككى، ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 10 گرام ئىستېمال قىلسا بولىدۇ. كىچىك بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىپ بېرىلىدۇ.

**ئىككىنچى خىل ئۇسۇل: ھۆل قىزىلگۈل** بەرگىسىدىن بىر كىلوگرام، ئاق شېكەردىن ئۈچ كىلوگرام تەييارلىنىدۇ.

بىر كىلوگرام ھۆل قىزىلگۈل بەرگىسىنى 1 خىل ئۇسۇل بويىچە پاكىز ئادالاپ، يۇمشاق ئەزگەندىن كېيىن، ئۈچ كىلوگرام ئاق شېكەرنى قىيام قىلىپ، ئېزىلگەن گۈلنى قىيامغا سېلىپ ئارىلاشتۇرىمىز. قىيام قىلىش ئارقىلىق تەييارلانغان گۈلقەنتنى مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدا تەييارلانغان گۈلقەنت ئۇزاق ۋاقىتقىچە قېتىپ قالمايدۇ.

تەبىئىتى: سوغۇق.

ئىشلىتىلىش مىقدارى: چوڭ كىشىلەر ھەركۈنى ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 10 گرامدىن ئىستېمال قىلسا بولىدۇ. كىچىك بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىپ بېرىلىدۇ.

ئۈچىنچى خىل ئۇسۇل: ھۆل قىزىلگۈل بەرگىسىدىن 20 گىرام، ھەسەلدىن 80 گىرام تەييارلىنىدۇ.

ھۆل قىزىلگۈل بەرگىسىدىن 20 گىرامنى 1 - خىل ئۇسۇل بىلەن تازىلاپ، يانچىپ، سىقىپ پىسەپلىرىنى سۈزۈۋەتكەندىن كېيىن، گۈلنىڭ سۈيىگە 80 گىرام ھەسەلنى ئارىلاشتۇرىمىز، ئۇنىڭدىن كېيىن، قۇرۇتۇلغان شىشە، كورا ياكى باشقا سىرلىق قاچىلارغا قاچىلاپ ئاپتاپقا سالىمىز. ئەگەر بۇنىڭدىن كۆپ تەييارلاشقا توغرا كەلسە، مۇشۇ نىسبەت بويىچە تەييارلانسا بولىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق.

ئىشلىتىلىش مىقدارى: چوڭ كىشىلەر ھەركۈنى ئىككى قېتىم، ھەرقېتىمدا 15 گىرامدىن، كىچىك باللار ئالتە - يەتتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلسا بولىدۇ.

تۆتىنچى خىل ئۇسۇل: ھۆل قىزىلگۈل بەرگىسىدىن 500 گىرام، ئاق شېكەردىن 1500 گىرام، ھەسەلدىن 500 گىرام تەييارلىنىدۇ.

قىزىلگۈلنىڭ 1 - خىل ئۇسۇل بويىچە تەييارلانغان گۈل بەرگىسىدىن 500 گىرامنى يۇمشاق سوقۇلغان 1500 گىرام ئاق شېكەرگە يۇمشاق سوقۇپ تەكشى ئارىلاشتۇردىمىز، ئۇنىڭدىن كېيىن 500 گىرام ھەسەلنى قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ شىشە، ساپال ياكى سىرلىق قاچىلارغا قاچىلاپ ئاپتاپتا 35 - 40 كۈن تۇرغۇزۇپ پىشۇرىمىز. ھەر 2 ~ 3 كۈندە بىر قېتىم ئارىلاشتۇرۇپ تۇرىمىز. ئوبدان پىشقاندىن كېيىن ئىستېمال قىلىنسا، شىپالىق ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل.

ئىشلىتىلىش مىقدارى: چوڭ كىشىلەر ھەركۈنى ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا توققۇز گرام، كىچىك بالىلار ئۈچ گرامدىن بەش گرامغىچە ئىستېمال قىلسا بولىدۇ.

**بەشىنچى خىل ئۇسۇل:** قۇرۇتۇپ سوقۇپ تەييارلانغان قىزىلگۈل بەرگىسىدىن بىر كىلوگرام، ئاق شېكەردىن تۆت كىلوگرام تەييارلىنىدۇ.

قۇرۇتۇلغان بىر كىلوگرام قىزىلگۈل بەرگىسىنى، سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تالقان ھالەتكە كەلتۈرىمىز. ئۇنىڭدىن كېيىن، تۆت كىلوگرام ئاق شېكەرنى قىيام قىلىپ، ئۇنىڭغا سوقۇپ تەييارلانغان قۇرۇتۇلغان قىزىلگۈل تالقىنىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، ئەينەك ياكى سىرلىق قاچىغا قاچىلاپ، ئاپتاپقا سېلىپ پىشۇرىمىز. بۇ خىل ئۇسۇلدا تەييارلانغان گۈلقەنتنىڭ ئۇزۇقلۇق قىممىتى ئالدىنقى تۆت خىلغا سېلىشتۇرغاندا تۆۋەنرەك بولىدۇ. لېكىن، بۇ خىلدىكى گۈلقەنتنى ھەرقانداق ۋاقىتتا تەييارلاشقا بولىدۇ.

تەبىئىتى: سوغۇق.

ئىشلىتىلىش مىقدارى: چوڭ كىشىلەر ھەركۈنى ئىككى قېتىم، ھەرقېتىمدا 15 گرامدىن، كىچىك بالىلار يەتتە ـ سەككىز گرامغىچە ئىستېمال قىلسا بولىدۇ.

## 4. قىزىلگۈل مېيى تەييارلاش

قىزىلگۈلنىڭ ھۆل گۈل بەرگىسىدىن 100 گرام ئېلىپ، ئۇنى 500 گرام كۈنجۈت يېغىغا چىلاپ، بىر ئاي ئەتراپىدا كۈن نۇرىغا قاقلىغاندىن كېيىن، سىقىپ

پەسەپلىرىنى سۈزۈپ ئېلىۋېتىپ، قالغان ياغنى سۈزگۈچتە پاكىز سۈزۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق ياسىلىدۇ.
ئىشلىتىلىشى: بەدەنگە سۈرتىلىدۇ.

## 5. قىزىلگۈل ئەرقى تەييارلاش

قىزىلگۈلنىڭ قۇرۇتۇلغان گۈل بەرگىسىدىن بىر كىلوگرام ئېلىپ، ئۇنى ئالتە كىلوگرام سۇغا چىلاپ، سۇس ئوت بىلەن ئەرق قازىنىدا قاينىتىپ، پارغا ئايلاندۇرۇپ، پارسۇيىنى يىغىۋېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ.
ئىشلىتىلىشى: چوڭ كىشىلەر كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەرقېتىمدا 30 گرامدىن ئىستېمال قىلىدۇ.

## 6. قىزىلگۈل مەلھىمى تەييارلاش

قىزىلگۈلنىڭ قۇرۇتۇلغان گۈل بەرگىسىدىن 10 گرام ئېلىپ، يۇمشاق ئېزىپ، تاسقاپ، ھايۋانات مېيى ياكى سۇ يېغىدىن 40 گرامغا تەكشى ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ.
ئىشلىتىلىشى: بىمارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ، ھەر كۈنى مۇۋاپىق مىقداردا بەدەننىڭ سىرتقى تەرىپىدىن ئىشلىتىلىدۇ.

## 7. قىزىلگۈل تالقىنى تەييارلاش

قىزىلگۈلنىڭ قۇرۇتۇلغان گۈل بەرگىسىنى يۇمشاق ئېزىپ، تاسقاپ، تالقانلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق

تەييارلىنىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: بەدەننىڭ سىرتقى تەرىپىدىكى جاراھەتلەرگە، ئېغىز بوشلۇقىدىكى ھەرخىل يارىلارغا، مۈدۈر — چاقىلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

## 8. قىزىلگۈل مۇراببىاسى تەييارلاش

ھۆل قىزىلگۈلنىڭ گۈل بەرگىسىدىن 100 گرام ئېلىپ، بىر كىلوگرام شېكەر قىيامىغا چىلاپ، كۈن نۇرىدا 15 كۈندىن 40 كۈنگىچە قىزدۇرۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: قىزىلگۈل گۈلقەنتىنىڭ ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش.

## 9. قىزىلگۈل شەربىتى تەييارلاش

قىزىلگۈلنىڭ ھۆل گۈل بەرگىسىدىن 560 گرامنى، ئۈچ كىلوگرام سۇدا 1/3 قىسمى قالغىچە قاينىتىپ، ئاندىن قەنت (شېكەر) نى سېلىپ، يەنە قاينىتىپ قىيام قىلىپ ئالىمىز.

تەبىئىتى: سوغۇق.

ئىشلىتىلىشى: ئەھۋالغا قاراپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

قىزىلگۈل شەربىتىنى بۇنىڭدىن باشقىچە ئۇسۇلدا تەييارلاشقىمۇ بولىدۇ.

## 10. قىزىلگۈل مۇراببىاسى ۋە شەربەتلەرنى ساقلاش

گۈل چېچەكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش ـ دورىنىڭ تەبىئىتىنى ئۆزگەرتىش، ئوزۇقلۇق قىممىتىنى ئاشۇرۇش، داۋالاش تەسىرىنى كۈچەيتىش ۋە زەھەرلەش خاراكتېرىدىكى ئەكس تەسىرلەرنى ئازايتىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە ئۈسۈملۈك دورىلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، مۇراببا — شەربەتلەرنى ياساشتىن باشقا، ئۇلارنى ساقلاش، مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىش توغرىسىدا بىر يۈرۈش قائىدە — پرىنسىپلار بار. شۇڭا، مۇراببا ۋە شەربەتلەرنى ساقلاش ۋە ئىستېمال قىلىشتا بۇ قائىدە ـ پرىنسىپلارغا تولۇق ئەمەل قىلىش لازىم.

1) مۇراببا ۋە شەربەت ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللارنى يىغىش، قۇرۇتۇش ۋە مۇراببا — شەربەت ياساش، قاچىلاش، ساقلاش داۋامىدا تازىلىققا قاتتىق رىئايە قىلىش كېرەك. ئىشلىتىلىدىغان سايمانلار پاكىز ۋە قۇرۇق بولۇش، قاچىلىغاندا سىرلىق قاچا، چوڭ شېشە، بوتۇلكا ياكى مەخسۇس تەييارلانغان كوزىلارغا قاچىلاش لازىم. دات باسقان، غەيرىي پۇرىقى بارقازان، قاچا ـ قۇچىلارنى قەتئىي ئىشلەتمەسلىك كېرەك.

مۇراببا — شەربەت پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە سېتىش كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۆزىنىڭ شەخسىي تازىلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش، تىرناقلىرىنى پات ـ پات ئېلىپ

تۇرۇش، تازىلىق كىيىملىرىنى كىيىپ تىجارەت قىلىش لازىم. چاشقان، چىۋىن قاتارلىق زىياندىشلارنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن بۇيۇملارنى بۇلغاپ قويۇشىدىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك.

2) مۇرابىا — شەربەتلەرنى ساقلاش داۋامىدا بۇزۇلۇپ كېتىش، رەڭگى، پۇرىقى ئۆزگىرىپ كېتىش ئەھۋاللىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ياساملارنىڭ خۇرۇچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقا ۋە ئۇنىڭ سۈپىتىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم. قىيامىلارنىڭ سۈيى كۆپ بولۇپ كەتسە ياكى قىيامى تەلەپكە لايىق بولمىسا، مۇرابىا — شەربەتلەر ئاسان بۇزۇلۇپ قالىدۇ. پارغا ئايلانغان سۇ تامچىلىرى قىيامغا چۈشۈپ كەتسىمۇ ئوخشاي بۇزۇلۇپ قالىدۇ. شۇڭا، مۇرابىا — شەربەتلەر سوۋۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ساقلىنىدىغان قاچىلارغا قاچىلاپ، قاچىنىڭ ئاغزىنى نەملىكنى سۈمۈرگۈچ قەغەز، داكا قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن يېپىش كېرەك.

3) مۇرابىا ۋە شەربەتلەرنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، مەخسۇس قوشۇق ئىشلىتىش، ھۆل چوكا ۋە قوشۇقلارنى مۇرابىا — شەربەت قاچىسىغا سالماسلىق كېرەك.

4) مۇرابىا ۋە شەربەتلەرنى ساقلاش مۇددىتى بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتمەسلىك لازىم. ئۇنىڭ قۇۋۋىتى بەلگىلىك مۇددەتكىچە ساقلىنىدۇ. ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەنسېرى قۇۋۋىتى شۇنچە تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. سۈپىتىمۇ ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. شۇڭا ، ئۇنى بەك ئۇزاق ساقلىماي، ئۆز ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىۋېتىش كېرەك.

## 11. دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

1) هويلا — ئارام ۋە باغچىلاردا گۈل — گىياھ ئۆستۈرگەندە، قىزىلگۈل بىلەن ئەتىرگۈلنى ئارىلاش تىكمەسلىك كېرەك. ئايرىم - ئايرىم تىككەندىمۇ ئارىلىقى بەك يېقىن بولۇپ قالماسلىق لازىم.

2) ئەتىرگۈل ئارىلاش تىكىلگەن قىزىلگۈلنىڭ گۈل بەرگىلىرىنى گۈلقەنت، شەربەت تەييارلاشقا ئىشلەتمەسلىك لازىم. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا ئىستېمالچىلارنىڭ بەدەن ۋە روھىي كەيپىياتىغا ئەكس تەسىر بېرىپ قويۇشى مۇمكىن.

3) كەڭ - كۆلەملىك باغلاردا ئۆستۈرۈلگەن قىزىلگۈلنى ئۈزگەندە، بىر يەرگە دۆۋىلەپ قويماسلىق، ھۆل قىزىلگۈلنى تاغارغا چىڭداپ قاچىلىماسلىق كېرەك. ئەگەر مۇشۇنداق ئەھۋال كۆرۈلسە، گۈل بەرگىلىرى ئاسانلا سېسىپ كېتىشىدىن، بىھۇدە ئىسراپ بولۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك.

4) ئۈزۈپ تەييارلانغان قىزىلگۈللەرنى دېھقانچىلىق دورىسى، خىمىيىۋى ئوغۇت ساقلىغان ئامبار ياكى ئۆيلەردە ساقلىماسلىق كېرەك. زەھەرلىك دورا، گاز، بېنزىن قاتارلىق غەيرىي پۇرىقى ئۆتكۈر نەرسىلەر بىلەن بىر جايدا ساقلاشقا تېخىمۇ بولمايدۇ.

策　　计：沙的克·木沙
买买提肉孜·买买提斯依提
责任编辑：美丽克木·穆汗茂德
封面设计：阿力甫·夏

# 玫瑰栽培与加工技术（维吾尔文）

买买提依明·托和提　编
胡西土米尔·玉素甫
买买提吐尔迪　：审订

新疆科技卫生出版社（K）出版
（乌鲁木齐市延安路21号 邮政编码830001）
新疆新华书店发行　乌鲁木齐新协印务有限公司印刷厂印刷
787×1092毫米　32开本　2.5印张
2000年11月第1版　2000年11月第1次印刷
印数：1—5000

ISBN 7-5372-2533-8/S·365(民文)　定价：4.60元

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىپ شاھ



ISBN 7-5372-2533-8

9 787537 225335 >

ISBN 7 - 5372 - 2533 - 8
S · 365(民文)定价: 4.60 元